# شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى

# 新疆地方志



2006 4

www.uyghurkitap.com

# شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى


پەسىللىك ژۇرنال
23 ـ يىل نەشرى

ئومۇمىي 77 ـ سان

2006 ـ يىللىق
4 ـ سان



**مەسلىھەتچىلەر**
ئۇيغۇر سايرانى
ئىمىن تۇرسۇن
نۇرمۇھەممەت دۆلەتى
سابىر ئەلى

**باش مۇھەررىر**
دىلمۇرات مۇسا
**مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر**
ئابدۇرۇپ ئېلى
ئەخمەت روزى توغرۇل
**تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى**
(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)
ئابدۇرۇپ ئېلى، ئابدۇشۇكۇر تۇردى، ئابدۇقېيۇم خوجا، ئابلەت نۇردۇن، ئابلەت ئىمىن، راملە، غوپۇر ھوشۇر نىيازى، غوجائەخمەت يۇنۇس، قادىر ھاپىز، قاسىم خوجا، قۇربان مامۇت

**مەسئۇل مۇھەررىر**
پولات ھىمىت



خەت ساندۇقى: tezkire@126.com


## مۇندەرىجە

### ھۆججەتلەر


ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز ........................ ئىسمائىل تىلىۋالدى 1
ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز ........................ جاپپار ھەبىبۇللا 6
ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىدىن قىسقىچە خەۋەر ........................ 13


### تارىخىي ئەسلىمە


ماخۇسەنگە ئەسكەر بولغان كۈنلەردىكى كەچۈرمىشلەر ........ 16


### ئىلمىي مۇھاكىمە


«ئۇيغۇر» نامى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى ...... ئابلىز ئورخۇن 28


### مەشھۇر شەخسلەر


فىنلاندىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى — كارل گۇستاف ماننېرھېم ........................ بۇسارەم ئىمىن 44


### مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى


ئىككى ئەسىرلىك تارىخنىڭ شاھىدى — كۇرە قەدىمىي شەھىرى ........................ رۇخسارى تۇرسۇن 47


### سوتسىيالىستىك تەزكىرىلەردىن


«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى . سوت تەزكىرىسى» دىن ... 52


مۇقاۋىدا: سۇتۇق بۇغراخان مازىرى (1873 ـ يىلى ئەنگلىيىلىك فورسىس تارتقان)
سۈرەتنى ئابلىز ئورخۇن تەمىنلىگەن

# ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز

## ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئىسمائىل تىلىۋالدى

(2006 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى)

يولداشلار:

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىر ۋە ئامما باش شۇجى خۇ جىنتاۋنىڭ شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ئىزچىللاشتۇرۇۋاتقان، 11 ـ بەش يىللىق يىرىك پىلاننى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتتە ئاپتونوم رايون تەزكىرە خىزمىتى يىغىنى ئاچتى، بۇ يىغىننىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى: ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك خۇلاسىلەش، يېقىنقى يىللاردا تەزكىرە خىزمىتىدە تۆھپە ياراتقان ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخس ۋە بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر تەزكىرە نەتىجىلىرىنى تەقدىرلەش، «تەزكىرە خىزمىتى نىزامى»نى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە يولغا قويۇش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 2 ـ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش. بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ئېچىلىشى بىزنىڭ يېڭى دەۋردىكى تەزكىرە خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلىشىمىزدە ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

تەزكىرە تۈزۈش ئۆتمۈشنى تونۇتىدىغان، ھازىرقىلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدىغان، كەلگۈسى ئۈچۈن يول ئاچىدىغان ئۇزۇن مۇددەتلىك ئۇلۇغۋار ئىش، يېڭى دەۋردە سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىدىغان بىر مۇھىم ۋەزىپە. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى تەزكىرە خىزمىتىگە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىپ كېلىۋاتىدۇ. 1983 ـ يىلى تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى رەسمىي باشلانغاندىن بۇيان ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرە خىزمىتى ئاپتونوم رايوندىكى كومىتېت، ئىشخانا، نازارەت، ئىدارە ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە (رايون) لەردە ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى، جايلار ۋە تارماقلارنىڭ مەسئۇل رەھبەرلىرى جايلار ۋە تارماقلاردىكى تەزكىرە كومىتېتلىرىنىڭ مۇدىرلىقىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ ۋە مالىيە كۈچى جەھەتتىن تەزكىرە خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن قوللاپ، پارتكوم رەھبەرلىك قىلىش، ھۆكۈمەت رىياسەتچىلىك قىلىش، ھەر دەرىجىلىك تەزكىرە كومىتېتلىرى كونكرېت يولغا قويۇشتەك تەزكىرە تۈزۈش تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلدى. مەخسۇس تەزكىرە خىزمەتچىلىرى مەركىزىي كومىتېت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، تارىخ، خەلق ۋە ئەۋلادلار ئالدىدا يۈكسەك جاۋابكار بولۇش روھى بىلەن، ئاددىي ئىش ئورنىدا ئاتاق ـ مەنپەئەتكە بېرىلمەي، تىرىشىپ ئىشلەپ، خالىسانە تۆھپە قوشۇپ، ھەر خىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، شانلىق نەتىجىلەرنى ياراتتى. مۇشۇ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايونىمىزدا نەشر قىلىنىدىغان ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە (رايون) تەزكىرىلىرىنىڭ خەنزۇچىسى 104كە، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» كەسپىي تەزكىرىسىنىڭ خەنزۇچىسى 81گە يېتىپ، تۇنجى نۆۋەتلىك خەنزۇچە تەزكىرىلەرنى نەشر قىلىش ۋەزىپىسى ئاساسەن ئورۇندىلىدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنىدىغان تەزكىرە 30غا، نەشر قىلىنىدىغان ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە «شىنجاڭ يىلنامىسى»نىڭ ھەرقايسىسى 21گە يېتىدۇ. ئۈچ دەرىجىلىك جايلار



www.uyghurkitap.com

تەزكىرىسى تۈزۈلگەندىن سىرت يەنە ئەمەلىيەت ئۈچۈن، «ئۈچ مەدەنىيلىك» قۇرۇلۇشى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدىغان جايلار ئەھۋالىغا دائىر زور بىر تۈركۈم ماتېرىيال كىتابلارمۇ نەشر قىلىندى. بىرمۇنچە تەزكىرە كىتابلار، جايلار ئەھۋالىغا دائىر كىتابلار، يىلنامىلەر دۆلەت دەرىجىلىك، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى، جايلار ئەھۋالىغا دائىر بەزى كىتابلار ۋە ئەسەرلەر ئاپتونوم رايوننىڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىدىكى بوشلۇقنى تولدۇردى. بۇ مۇھىم نەتىجىلەردە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تارىخ، تەبىئەت، ئىقتىساد، سىياسەت، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى تارىخىي ماتېرىياللىرى ئومۇمىيۈزلۈك، سىستېمىلىق يىغىپ توپلىنىپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان شىنجاڭدىكى تۈرلۈك كەسىپلەرنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسى ھەرقايسى نۇقتىلاردىن ھەقىقىي ئومۇمىيۈزلۈك خاتىرىلەندى، شىنجاڭنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى ئەينەن، توغرا ئەكس ئەتتۈرۈلدى، ئۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى تارىخىي ئۆرنەك بىلەن، رەھبەرلەرنىڭ توغرا تەدبىر بەلگىلىشىنى ئىلمىي ئاساس بىلەن، ياش - ئۆسمۈرلەرنى ۋەتەننى سۆيۈش، يۇرتنى سۆيۈشكە دائىر ئوقۇشلۇق بىلەن، ئەۋلادلارنى قىممەتلىك مەدەنىيەت بايلىقى بىلەن تەمىنلىدى، تەزكىرىنىڭ «ئۆرنەك بولۇش، تەربىيىلەش، تارىخنى ساقلاش» رولىنى تولۇق نامايەن قىلدى. بۇ يەردە مەن ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى يولداش ۋاڭ لېچۈەنگە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن نۇرغۇن يىللاردىن بۇيان ئۈن - تىنسىز ئىشلەپ، خالىسانە تۆھپە قوشۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ تەزكىرە خىزمىتىگە مۇھىم تۆھپە قوشقان ھەر مىللەت تەزكىرە خىزمەتچىلىرىگە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمەن ۋە ئۇلاردىن سەمىمىي ھال سورايمەن!

تۆۋەندە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرە خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا بىر قانچە پىكرىمنى سۆزلەپ ئۆتىمەن.

## 1. تەزكىرە خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈش كېرەك

تەزكىرە تۈزۈش جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسى. تەزكىرىلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك، ئوبيېكتىپ، سىستېمىلىق تۈزۈش، تەزكىرىلەرنى ئىلمىي، مۇۋاپىق بېيىتىپ پايدىلىنىش، تەزكىرىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتتىكى رولىنى جارى قىلدۇرۇش ھەر دەرىجىلىك تەزكىرە خىزمىتى ئاپپاراتلىرىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى شۇنداقلا ھەر دەرىجىلىك يەرلىك ھۆكۈمەتلەر ۋە ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى.

بۈگۈندىن كېيىنكى بىر مەزگىل ئاپتونوم رايونىمىز ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرىدىغان، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىدىغان ھالقىلىق مەزگىل. ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش نىشانىغا يېتىش ئۈچۈن، چوقۇم ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئەقىل - پاراستى ۋە كۈچىنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا مۇجەسسەملەشتۈرۈش كېرەك. تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى، سوتسىيالىستىك ئىلغار مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى، تەپسىلىي ۋە ئېنىق بولغان تارىخىي ماتېرىياللار ئارقىلىق ئاپتونوم رايوننىڭ تەرەققىيات نەتىجىلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك نامايەن قىلىش، ھەر مىللەت كادىر - ئاممىسىنىڭ كۈچىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرىغا ئۇيۇشتۇرۇشنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى. نۆۋەتتە، «تەزكىرە خىزمىتى نىزامى»نىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزدا يېڭى نۆۋەتلىك تەزكىرىنىڭ داۋامىنى تۈزۈش خىزمىتى باشلىنىدۇ. بۇ يىل 4 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بەنگۇڭتىڭى بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى «2 - نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ 2 - نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇنلاشتۇردى، بۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 2 - نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنىڭ رەسمىي قانات يايدۇرۇلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. جايلار ۋە تارماقلار تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، بۇ خىزمەتكە بولغان تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى

ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى تۈزگەن «تەزكىرە تۈزۈش لايىھىسى»گە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۈنجى نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىدىكى تەجرىبە ۋە ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلىشى، قېرىنداش ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلارنىڭ تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش خىزمىتىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبە ۋە ياخشى ئۇسۇللىرىنى ئۆرنەك قىلىپ، ئىنچىكىلىك بىلەن تەشكىللەپ ۋە پىلانلاپ، يېڭى نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى دەسلەپىدىلا يۇقىرىراق نۇقتىدىن باشلىشى ھەمدە مەملىكەتلىك 2 - نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنىڭ سۈرئىتىگە يېتىشىۋېلىشى كېرەك.

## 2. «تەزكىرە خىزمىتى نىزامى»نى ئەستايىدىل ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى تېزلىتىش كېرەك

بۇ يىل 5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى «تەزكىرە خىزمىتى نىزامى» گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى ۋېن جياباۋنىڭ ئىمزالىشى بىلەن ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلدى. بۇ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان تەزكىرە خىزمىتى توغرىسىدىكى تۈنجى قانۇن - نىزام. «نىزام»نىڭ ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلۇشى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «مەدەنىيەت، قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش» ۋە «پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىدە قانۇن تۈرغۇزۇش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىش» توغرىسىدىكى روھىنى تولۇق نامايەن قىلدى، تەزكىرە خىزمىتىنى قانۇن ئىزىغا سالدى، بۇ دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش فاڭجېنىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قانۇن بويىچە تەزكىرە تۈزۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تەزكىرە خىزمىتىنىڭ ئۇنۇملۇك مېخانىزمىنى بەرپا قىلىپ، تەزكىرە ئىشلىرىنىڭ ئىزچىل، مۇقىم، ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى كاپالەتلەندۈرۈش، تەزكىرە خىزمىتىنى ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلدۇرۇشتا ناھايىتى مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ۋە چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە. جايلار ۋە ئالاقىدار تارماقلار «تەزكىرە خىزمىتى نىزامى»نى ئەستايىدىل ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىز تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى تىرىشىپ يارىتىشى لازىم.

1) تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى قانۇنچىلىق ئىزىغا سېلىش كېرەك. «تەزكىرە خىزمىتى نىزامى» بىر مەمۇرىي قانۇن - نىزام بولۇپ، تەزكىرە خىزمەتچىلىرى چوقۇم ئەمەل قىلىدىغان ئاساسىي قائىدە، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى تەزكىرە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشتىكى قانۇنىي ئاساس، بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك تەزكىرە خىزمىتىنىڭ ھەرىكەت مىزانى ۋە تۈپ قائىدىسى. جايلار، تارماقلار ھەر خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ «نىزام»نى ئۆگىنىشى ۋە تەشۋىق قىلىشى، ھەر دەرىجىلىك يەرلىك ھۆكۈمەت، ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە زاتلىرىغا «نىزام»نىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ۋە بەلگىلىمىلىرىنى بىلدۈرۈشى، «نىزام»دا بەلگىلەنگەن ۋەزىپە ۋە بۇرچلارنى ئەستايىدىل ئادا قىلىشى، پۈتۈن جەمئىيەتتە تەزكىرە خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان ۋە مەدەت بېرىدىغان مۇھىت ۋە كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈشى كېرەك. «نىزام»نى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، تەزكىرە خىزمىتىگە قانۇن بويىچە رەھبەرلىك قىلىپ ۋە ئۇنى قانات يايدۇرۇپ، «نىزام»نىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن بولمىغان قىلمىش ۋە ئەھۋاللارنى قەتئىي تۈزىتىش كېرەك. شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تەزكىرە خىزمىتىنىڭ يېڭى ساھەلىرىنى ئېچىپ، تەزكىرە خىزمىتىنى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئومۇملۇقىغا تەدرىجىي سىڭدۈرۈپ، ئاپتونوم رايون تەزكىرە ئىشلىرىنىڭ ئىزچىل ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىناق، مۇقىم، گۈللەنگەن شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇش كېرەك.

2) ئاپتونوم رايوننىڭ 2 - نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى ۋاقتىدا تاماملاشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. 2 - نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنىڭ ۋاقتى ناھايىتى قىس، ۋەزىپىسى ناھايىتى ئېغىر، تەلىپى ناھايىتى يۇقىرى. ھەر دەرىجىلىك تەزكىرىچىلىك ئاپپاراتلىرى ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى ئارقىلىق تەزكىرە خىزمىتىگە بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىپ، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق قاراشتا چىڭ تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ھەر بىر تەزكىرە كىتابىنى تارىخقا، خەلققە يۈز كېلەلەيدىغان، تارىخنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان قىلىپ تۈزۈپ چىقىشى لازىم. ئىلمىي

تەرەققىيات قارىشىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «نىزام» نىڭ تەلىپى بويىچە ۋەزىپىنى ھەقىقىي ئادا قىلىپ، تەزكىرە كىتابى ۋە يىلنامىنى تۈزۈش، باشقۇرۇش خىزمىتىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ياخشى ئىشلىشى لازىم. تەزكىرە تۈزگۈچىلەرنىڭ سىياسىي ساپاسى بىلەن كەسپىي ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈش، قانۇن بويىچە ئىش بېجىرىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشى، سىياسىئۇلىكى كۈچلۈك، كەسپكە ماھىر، ئىستىلى دۇرۇس، ئىنتىزامچان بولغان تەزكىرە قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايوننىڭ 2 ـ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق قانات يېيىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى لازىم.

3) تەزكىرە كىتابلىرىنى ئاز سانلىق مىللەت تىلىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىش خىزمىتىنى تېزلىتىش لازىم. ئاپتونوم رايونىمىز ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون، تەزكىرە كىتابلىرىنى ئاز سانلىق مىللەت تىلىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىش پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ كونكرېت نامايەندىسى شۇنداقلا مىللەتلەرنىڭ گۈللەپ ئىلگىرىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداشتىكى بىر تۈرلۈك مۇھىم خىزمەت. ئاپتونوم رايوننىڭ ئۈچ دەرىجىلىك تەزكىرە كىتابىنىڭ خەنزۇچە ئورگىنالى بېكىتىلىشى بىلەن تەڭ، دەرھال ئاز سانلىق مىللەت تىلىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىش كېرەك. نۆۋەتتە تۇنجى نۆۋەتلىك خەنزۇچە تەزكىرە كىتابلىرىنى تۈزۈپ نەشر قىلىش خىزمىتى يىل ئاخىرىغىچە ئاساسەن تاماملىنىدۇ، لېكىن ئاز سانلىق مىللەت تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنغىنى ئاران 30 بولۇپ، سۈرئەت بىر قەدەر ئاستا بولۇپ قالدى. تەزكىرىدە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جاپالىق كۈرىشى، تەبىئەتنى ئۆزگەرتكەن تارىخى خاتىرىلەنگەن، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، ئورتاق گۈللىنىپ ئىلگىرىلەشتەك تەسىرلىك ئىش ـ ئىزلىرى بايان قىلىنغان، ئۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە سوتسىيالىستىك شەرەپ ـ نومۇس قارىشى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش، ئىناق شىنجاڭ بەرپا قىلىشتا كەم بولسا بولمايدىغان «يەرلىك دەرسلىك». جايلار ۋە تارماقلار چوقۇم يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، سۈرئەتنى تېزلىتىپ، تەزكىرىلەرنى ئاز سانلىق مىللەت تىلىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىش خىزمىتىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ياخشى ئىشلىشى لازىم.

4) تەزكىرە خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش لازىم. تەزكىرە خىزمىتى ھەرگىزمۇ قىلسىمۇ، قىلمىسىمۇ بولىدىغان ئىش بولماستىن، بەلكى چوقۇم قانۇن بويىچە ياخشى ئىشلەيدىغان ئىش. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر بولۇپمۇ ھۆكۈمەتنىڭ تەزكىرىگە مەسئۇل رەھبەرلىرى «تەزكىرە خىزمىتى نىزامى» دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، تەزكىرە خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، تەزكىرە خىزمىتىنى ئۆز جايى، ئۆز تارمىقىنىڭ تەرەققىيات پىلانىغا كىرگۈزۈپ، مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە قويۇش لازىم. تەزكىرە خىزمىتىنىڭ دوكلاتىنى دائىم ئاڭلاپ تۇرۇش، تەزكىرە خىزمىتىدە كۆرۈلگەن ھەر خىل قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلىپ، رەھبەرلىك، ئاپپارات، خىراجەت، قوشۇن، شارائىت بولۇشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ۋە ئالاقىدار تارماقلار «تەزكىرە خىزمىتى نىزامى» نىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن بىر تۇتاش پىلانلاپ، مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، تەزكىرە خىزمىتىگە كېرەكلىك خىراجەتنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

## 3. تەزكىرىنىڭ ئالاھىدە ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلىش كېرەك

ئاپتونوم رايونىمىزدا زور بىر تۈركۈم تەزكىرە كىتابى ۋە جايلار ئەھۋالىغا دائىر ماتېرىيال، كىتابلار نەشر قىلىندى، بۇ نەتىجىلەرنى تەزكىرە خىزمەتچىلىرى جايلار ئەھۋالىنى ئومۇميۈزلۈك، سىستېمىلىق، توغرا ئىگىلىگەن ئاساستا يېزىپ چىققان بولۇپ، بۇلار ناھايىتى قىممەتلىك ئۇچۇر مەنبەسى ۋە زور بايلىق ھېسابلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئورنىنى باشقا كىتابلار ھەرگىزمۇ ئالالمايدۇ. تەزكىرە تۈزۈشتىكى مەقسەت ئۇنى ئىشلىتىش، ئەۋلادلارغا ئۆرنەك قىلىش، تېخىمۇ مۇھىمى ھازىرقىلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلدۇرۇش، يەرلىكنىڭ ئىقتىساد ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلدۇرۇش. نۆۋەتتە ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقى ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش، ئىناق شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش

قىلماقتا. يېڭى ۋەزىيەتتە جايلار ۋە تارماقلار تەزكىرە خىزمىتىنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشى، ماتېرىيال ئامبىرى، تور بېكىتى قۇرۇش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق ئاممىنى تەزكىرىدىكى ماتېرىياللارنى بىلىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، ئۇچۇر بايلىقىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇشى لازىم. تەزكىرە خىزمەتچىلىرى تەزكىرە خىزمىتىگە چوقۇم يېڭى قاراش بىلەن يېتەكچىلىك قىلىپ، تەزكىرە كۆرۈش، تەزكىرىدىن پايدىلىنىش خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەپ، تەزكىرە كۆرۈش، تەزكىرىدىن پايدىلىنىش ئىشىنىڭ يېتەكچىسى ۋە تەشۋىقاتچىسى بولۇپ، تەزكىرە كىتابىنى جەمئىيەتكە، ئوقۇرمەنلەرگە يۈزلەندۇرۇپ، تەزكىرە كىتابىنىڭ «ئۆرنەك قىلىش، تەربىيىلەش» رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى لازىم. تەزكىرە تۈزۈش ئەمەلىيىتى داۋامىدا توپلاپ رەتلىگەن زور مىقداردىكى جايلار ئەھۋالىغا دائىر ماتېرىياللارنى تېزلىكتە نەتىجىگە ئايلاندۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ ئىشلىتىشى ئۈچۈن ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىش كېرەك. ئۆز ئۇستۇنلۇكىدىن پايدىلىنىپ «ئۈچ مەدەنىيلىك» قۇرۇلۇشىغا پائال قاتنىشىپ، رەھبەرلەر ئۈچۈن چارە - تەدبىر كۆرسىتىش، ياش - ئۆسمۈرلەرگە شىنجاڭنىڭ تارىخى ۋە جەمئىيەت تەرەققىيات تارىخىنى چۈشەندۈرۈپ، ۋەتەننى سۆيۈش، يۇرتنى سۆيۈش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش، ساھە ۋە كەسىپلەرنى تەپسىلىي، توغرا ئۇچۇر - ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەش كېرەك. تارىخ - تەزكىرە تارماقلىرىنىڭ ئۇستۇنلۇكىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە پائال قاتنىشىپ، تەزكىرە خىزمىتىنى ئەمەلىيەت ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلدۇرۇشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىنى توغرا تېپىپ چىقىپ، بوشاشماي تىرىشىش ئارقىلىق تەزكىرە خىزمىتىنى يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىش داۋامىدا جۇشقۇن ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىپ، ئاپتونوم رايون تەزكىرە ئىشلىرىنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش كېرەك.

يولداشلاش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 2 - نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى، ۋەزىپە مۇشكۈل، مەسئۇلىيەت زور. بىز ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە يولداش خۇ جىنتاۋ باش شۇجىلىقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىدىن ئىبارەت ئۇلۇغ بايراقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئەقىل - پاراسىتىمىز ۋە جاپالىق ئەمگىكىمىز ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونىمىز تەزكىرە خىزمىتىدە تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، ئىناق، مۇقىم، گۈللەنگەن، تەرەققىي قىلغان سوتسىيالىستىك يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشايلى!

يولداشلارغا رەھمەت.

---

(بېشى 12 - بەتتە)

يولداشلار! تەزكىرە تۈزۈش ھازىرقىلارغا شان - شەرەپ كەلتۈرىدىغان، كېيىنكىلەرگە نەپ يەتكۈزىدىغان ئۇلۇغۋار ئىش. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 2 - نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك باشلاندى، ۋەزىپە ئېغىر، مەسئۇلىيەت زور. بىز چوقۇم يولداش خۇ جىنتاۋ باش شۇجىلىقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، يول ئېچىپ دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرە خىزمىتىدە ئۈزلۈكسىز يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپىلەرنى قوشايلى!

كۆپچىلىككە رەھمەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىكى
www.uyghurkitap.com

# ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز

ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە
كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى: **جاپپار ھەبىبۇللا**

(2006 - يىل 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى)

يولداشلار:

بۇ قېتىمقى تەزكىرە خىزمىتى يىغىنى ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئاچىدىغان يىغىن بولدى. يىغىندا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك تەزكىرە خىزمىتى سىستېمىلىق، ئومۇمىيۈزلۈك خۇلاسىلىنىپ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان تەزكىرە خىزمىتىدە مەيدانغا كەلگەن بىر تۈركۈم ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەر تەقدىرلەندى، مۇنەۋۋەر تەزكىرە ئەسەرلىرى مۇكاپاتلاندى، 2 - نۆۋەتلىك تەزكىرە خىزمىتى ۋەزىپىلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇ يىغىن ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلدى، بۇ، ئاپتونوم رايونىمىز تەزكىرە خىزمىتىنىڭ سىجىل تەرەققىياتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. تۈنۈگۈن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايون رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى يولداش ئىسمائىل تىلىۋالدى مۇھىم سۆز قىلىپ، يېڭى دەۋردە تەزكىرە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ناھايىتى مۇھىملىقىنى چوڭقۇر شەرھلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك تەزكىرە خىزمىتىنى ئوبيېكتىپ خۇلاسىلەپ ئۆتتى ھەمدە 2 - نۆۋەتلىك تەزكىرە خىزمىتىگە قارىتا ئېنىق تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى، جايلار ۋە تارماقلارنىڭ ئۇنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ئۆزلەشتۈرۈۋېلىپ، ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

20 نەچچە يىل جاپالىق تىرىشىش نەتىجىسىدە ئاپتونوم رايونىنىڭ تەزكىرىچىلىك خىزمىتىدە مول نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. 2006 - يىل 8 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت (ئوبلاست)، ناھىيە (شەھەر) دىن ئىبارەت 3 دەرىجىلىك تەزكىرە كىتابىدىن 167 توم نەشر قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى»گە تەۋە كەسىپلەر تەزكىرىسى 69 توم، ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە، شەھەر تەزكىرىسى 98 توم؛ 30 توم تەزكىرە كىتابى ئاز سانلىق مىللەت تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىندى؛ «شىنجاڭ يىلنامىسى»نىڭ ئۇيغۇرچىسى 21 توم، خەنزۇچىسى 21 توم نەشر قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە جايلار ۋە تارماقلار رېئاللىق ئۈچۈن، تەرەققىيات ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدىغان جايلار ئەھۋالىغا ئائىت زور بىر تۈركۈم ماتېرىيال، كىتابلارنى تۈزۈپ نەشر قىلدۇردى. بىر مۇنچە تەزكىرە كىتابلىرى، جايلار ئەھۋالىغا دائىر كىتابلار ۋە يىلنامىلەر دۆلەت، ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن ھەر خىل شەرەپ ۋە مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى، بەزىلىرى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى بوشلۇقنى تولدۇردى. بۇ نەتىجىلەر ناھايىتى ياخشى ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىپ، ئاپتونوم رايونىنىڭ سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيلىك، سىياسىي مەدەنىيلىك، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدا ئىجابىي رول ئويناپ، مۇھىم تۆھپىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولدى. بۇ نەتىجىلەرنىڭ قولغا كېلىشى ئاسانغا توختىمىدى، بۇ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىنىڭ، ئاپتونوم رايوندىكى تەزكىرە خىزمەتچىلىرىنىڭ ئۆز ۋۇندىن بۇيان نام - مەنپەئەت قوغلاشماي، جاپاغا چىداپ شەخسىيەتسىز تۆھپە قوشۇپ

خىزمەت قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. مەن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن ئاپتونوم رايوندىكى بارلىق تەزكىرە خىزمەتچىلىرىدىن سەمىمىي ھال سورايمەن ۋە ئۇلارغا چىن كۆڭلۈمدىن چوڭقۇر تەشەككۇر ئېيتىمەن!

تۆۋەندە مەن قانداق قىلىپ بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، تەزكىرە خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەش ھەققىدە بىر قانچە تۈرلۈك پىكرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

1. «تەزكىرە خىزمىتى نىزامى» نى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، تەزكىرە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش جەھەتتە ئاڭلىقلىق ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقنى ئاشۇرۇش كېرەك.

تەزكىرە تۈزۈش ـ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مۇھىم ئىشى. يولداش جياڭ زېمىن مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: سوتسىيالىستىك يېڭى تەزكىرە تۈزۈش ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ تەركىبىي قىسمى، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى سىستېما قۇرۇلۇشى، ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ كېيىنكىلەرگە يول ئاچىدىغان، ھازىرقىلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدىغان، كېيىنكىلەرگە مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان مۇھىم ئىش. نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى يېڭى مۇھىم تارىخىي دەۋرگە كىردى. يېڭى ۋەزىيەتتە تەزكىرە خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ۋە ياخشى ئىشلەش يەرلىك ھۆججەتلەرنى توپلاپ ۋە ساقلاپ، پەن - مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەر مىللەت ئاممىسىغا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ۋەتەنپەرۋەرلىك، سوتسىيالىزم ۋە ئىنقىلابىي ئەنئەنە تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ «ئۈچ مەدەنىيلىك» قۇرۇلۇشىنىڭ ماس تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتا چوڭقۇر، ئىجابىي ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ يىل 5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ۋېن جياباۋ زۇڭلى گوۋۇيۈەننىڭ 467 - نومۇرلۇق پەرمانىغا ئىمزا قويۇپ «تەزكىرە خىزمىتى نىزامى» نىڭ يولغا قويۇلغانلىقىنى رەسمىي ئېلان قىلدى، بۇ تەزكىرە خىزمىتىنىڭ شۇنىڭدىن باشلاپ قانۇن بويىچە يولغا قويۇلۇش ئىزىغا سېلىنغانلىقىنى شۇنداقلا پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تەزكىرە خىزمىتىگە ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ۋە قوللىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئېلىمىزنىڭ تۈپ سىياسىتى. گوۋۇيۈەن ئېلان قىلىپ يولغا قويغان «تەزكىرە خىزمىتى نىزامى» بۇنىڭدىن كېيىن تەزكىرە خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى قانات يايدۇرۇشنى كۈچلۈك قانۇن كاپالىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ. «نىزام» نى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى 6 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ تەزكىرە سىستېمىسىدا نىزام ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ يۇقىرى دولقۇنىنى قوزغاشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئالاقىدار تارماقلار بىلەن ماسلىشىپ ئاپتونوم رايوندا نىزامنى يولغا قويۇشنىڭ كونكرېت چارىلىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، ئاپتونوم رايون تەزكىرە خىزمىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە تەييارلىق كۆرۈۋاتىدۇ. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر «تەزكىرە خىزمىتى نىزامى» دىكى تەلەپكە ئاساسەن تەزكىرە خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشى، «بىرگە كىرگۈزۈش، بەشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش» سىياسىتىنى يەنى تەزكىرە خىزمىتىنى شۇ جاينىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانى ھەمدە ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ۋەزىپىسىگە كىرگۈزۈش، رەھبەرلىكنى، ئاپپاراتنى، خىراجەتنى، قوشۇننى، شارائىتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشى، تەزكىرە خىزمىتىنىڭ سىجىل تەرەققىياتىنى ياخشى شارائىت بىلەن تەمىنلىشى كېرەك، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تەزكىرە خىزمىتىگە بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ھەر دەرىجىلىك تەزكىرە ئاپپاراتلىرىنىڭ قانۇن بويىچە ھوقۇق يۈرگۈزۈشى، كەسپىي جەھەتتىن نازارەت قىلىپ ۋە باشقۇرۇپ، كۈچلۈك مەدەت بىلەن تەمىن ئېتىشى كېرەك.

نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىزدا قانات يايدۇرۇلغان «جياڭ زېمىن ئەسەرلىرىدىن تاللانما» نى چوڭقۇر ئۆگىنىش پائالىيىتىدە جايلار ۋە تارماقلار بولۇپمۇ ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەن خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىش ھەققىدىكى فاكىتىنى ئەستايىدىل ئۆزلەشتۈرۈۋېلىپ ۋە توغرا ئىگىلەپ، تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، تەزكىرە خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشى

www.uyghurkitap.com

ۋە قوللىشى كېرەك؛ تەزكىرە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتىكى ئاڭلىقلىقى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقىنى كۈچەيتىپ، تەزكىرە خىزمىتىنى مۇھىم ئىش قاتارىدا ئىشلىشى، تەشكىللەش ـ رەھبەرلىك قىلىشنى كۈچەيتىپ خىزمەتتە ئۇنۇم هاسىل قىلىپ، تەزكىرە خىزمىتىنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ئومۇمىيىتى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇشى كېرەك. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەڭ تەزكىرە خىزمەتچىلىرى «نىزام»نى تېخىمۇ ئەستايىدىل ئۆگىنىشى، «نىزام»نى يولغا قويۇش ۋە ئۇنى ھىمايە قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، بۇ ئارقىلىق ئۆز ساپاسى ۋە خىزمەت سۈپىتىنى تەڭ ئۆستۈرۈشى كېرەك. ئۆز جايىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئىش كۆرۈپ، ھەر خىل تەشۋىقات پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەگە «نىزام»نى تەشۋىق قىلىپ تەسىرىنى چوڭايتىشى، پۈتكۈل جەمئىيەتتە ھەممە كىشى «نىزام»نى بىلىدىغان ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىدىغان ياخشى كەيپىياتنى تەدرىجىي شەكىللەندۈرۈپ، تەزكىرە ئىشلىرىنىڭ سىجىل تەرەققىياتىنى ياخشى ئىجتىمائىي ئاساسقا ئىگە قىلىشى لازىم.

2. مەسئۇلىيەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىپ، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، تەزكىرە خىزمىتى ۋەزىپىلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئورۇندىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

2006 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز تەزكىرە خىزمىتىدىكى ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ كېيىنكىلەرگە يول باشلايدىغان ئاچقۇچلۇق بىر يىل. بۇ يىل تۇنجى نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسى ئومۇمىيۈزلۈك تاماملىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا 2 ـ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى رەسمىي باشلىنىدۇ. تەزكىرە خىزمىتى دۇچ كېلىدىغان ۋەزىپە ناھايىتى ئېغىر، جايلار، تارماقلار ۋەزىيەتنى چوقۇم ئېنىق تونۇپ، تەخىرسىزلىك ۋە بۇرچ تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، بۇ يىللىق خىزمەتلەرنى تىرىشىپ ياخشى، ئەمەلىي ئىشلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك تەزكىرە خىزمىتى ۋەزىپىلىرىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تاماملىنىشى ۋە 2- نۆۋەتلىك تەزكىرە خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق قانات يايدۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشى لازىم.

بىرىنچىدىن، تۇنجى نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنداشقا كاپالەتلىك قىلىش لازىم. ئاپتونوم رايون تەزكىرە خىزمىتىنىڭ 9 ـ بەش يىللىق پىلانى ۋە 2010 ـ يىللىق يىراق مەزگىللىك نىشان پىلانى ھەمدە جۇڭگو تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، 2006 ـ يىلى تۇنجى نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسى ئومۇمىيۈزلۈك تاماملىنىشى كېرەك ئىدى. بىراق هازىرغىچە پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى، مىللەت ـ دىن ئىشلىرى كومىتېتى (دىن تەزكىرىسى)، يېزا ـ بازار كارخانىلىرى ئىدارىسى، ساياھەتچىلىك ئىدارىسى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى، تاشقى ئىقتىساد ـ سودا نازارىتى، تەرەققىيات ـ ئىسلاھات كومىتېتى، خەلق ئىشلىرى نازارىتى، ئاياللار بىرلەشمىسى، ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى قاتارلىق ئورۇنلار ۋە ئاقسۇ، خوتەن ۋىلايەتلىرى، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى، گۇما ناھىيىسى، قاراقاش ناھىيىسى قاتارلىق جايلار تۇنجى نۆۋەتلىك تەزكىرە كىتابىنى نەشر قىلىش خىزمىتىنى تېخى تاماملىمىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە خەنزۇچە ئۈچ دەرىجىلىك تەزكىرە كىتابىنى نەشر قىلىش ۋەزىپىسىنىڭ %85.5 ى ئورۇندالدى، بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت، ناھىيە تەزكىرىلىرىنىڭ نەشر قىلىنىش نىسبىتى %91.6، ئومۇمىي تەزكىرىنىڭ %80.2. بۇ سۈرئەت مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرا، تۆۋەن سۈرئەت بولۇپ، كۆپ ساندىكى ئۆلكە، شەھەر (ئاپتونوم رايون) لارنىڭكىدىن كۆپ ئارقىدا، نىشاندىكى ۋەزىپىلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇنداش تەلىپىدىن تېخى خېلىلا يىراق. ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش سۈرئىتى ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭكىدىن تېز بولغان، ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ نازارەت ـ ئىدارىلەرنىڭكىدىن تېز بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دىكى كەسپىي تەزكىرىلەرنى نەشر قىلىش خىزمىتى بويىچە ئىككى قېتىم ماسلاشتۇرۇش يىغىنى ئېچىپ، تەزكىرە كىتابلىرىنى پۈتتۈرەلمىگەن نازارەت ـ ئىدارىلەرنى يىغىنغا كېلىپ كىتاب چىقىرىش ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە چاقىردى، بۇ خېلى ياخشى ئۈنۈم هاسىل قىلدى. ئورۇنلار تەزكىرە خىزمىتىگە ئەھمىيەت بەردى، سۈرئەت ئومۇمىيۈزلۈك تېزلىتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ـ بازار كارخانىلىرى ئىدارىسى، ئاياللار بىرلەشمىسى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى، ساياھەتچىلىك ئىدارىسى، تەرەققىيات ـ ئىسلاھات كومىتېتى قاتارلىق ئورۇنلار تەزكىرە كىتابىنىڭ ئورىگىنالىنى پۈتتۈردى، تەزكىرە كىتابلىرىنى تەھرىرلەش

بېكىتىش ئاخىرىقى باسقۇچقا بېرىپ قالدى، پات ئارىدا نەشىردىن چىقىدۇ؛ تاشقى ئىقتىساد - سودا نازارىتى، ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى قاتارلىق ئورۇنلار تەزكىرە كىتابىنىڭ بىر قىسمىنى يېزىپ بولدى، ئۇلار ئىسمىنا قوشۇپ ئىشلەپ 10 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ئورگىنالنى تولۇق يېزىپ بولۇپ مۇشۇ يىل ئىچىدە كىتابنى نەشر قىلدۇرماقچى بولدى؛ دىن ئىشلىرى ئىدارىسى، خەلق ئىشلىرى نازارىتى قاتارلىق ئورۇنلارمۇ ئۆز تارمىقى ئۇستىگە ئالغان تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە خوتەن، ئاقسۇ، قەشقەر ۋىلايەتلىرىمۇ تۇنجى نۆۋەتلىك تەزكىرىنىڭ قۇيرۇقىنى ئۈزۈش سالمىقىنى ئاشۇردى. «ئاقسۇ ۋىلايىتى تەزكىرىسى» نىڭ ئورگىنالى ئاپتونوم رايونغا تەكشۈرۈشكە يوللاندى؛ «خوتەن ۋىلايىتى تەزكىرىسى» نىڭ ئورگىنالىنى باھالاش ئاخىرلاشتى، تاشقورغان، قاراقاش ناھىيىلىرى تەزكىرە كىتابىنىڭ ئورگىنالىنى پۈتتۈرۈپ تەكشۈرۈشكە يوللاش ئالدىدا تۇرماقتا. ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا تۇنجى نۆۋەتلىك تەزكىرە خىزمىتىنىڭ سۈرئىتى تېزلىتىلگەن بولسىمۇ، ئەمما ۋەزىيەت كىشىنى ئانچە خۇشال قىلىپ كېتەلمەيدۇ. تۇنجى نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنىڭ ئوڭۇشلۇق تاماملىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن يىل ئاخىرىغىچە «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دىكى كەسىپلەر تەزكىرىسىدىن 12 تومنى، ۋىلايەت، ناھىيە (شەھەر) تەزكىرىسىدىن 6 تومنى نەشر قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ تۇنجى نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنىڭ 96.9%ىلا تاماملانغان بولىدۇ، بۇ ئومۇمىيۈزلۈك تاماملاش تەلىپىدىن يەنىلا يىراق. جايلار، تارماقلار بولۇپمۇ تۇنجى نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولالمىغان ئورۇنلاردىكى مەسئۇل يولداشلار بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ تەلىپىگە ئاساسەن رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، پىلان تۈزۈپ، ئىش قەرەلىنىڭ تەتۈر ساناق باسقۇچىنى بېكىتىپ، خىزمەت سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى ئاقسىتىپ قويماسلىقى كېرەك. بۇ قېتىمقى يىغىندىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى تەكشۈرۈش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، بۇ يىللىق ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداشقا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. قالغان 8 تەزكىرە كىتابىنى كېلەر يىلى چوقۇم نەشردىن چىقىرىپ بولۇش لازىم.

ئىككىنچىدىن، 2 - نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك باشلاش كېرەك. 2005 - يىلى چاقىرىلغان مەملىكەتلىك تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى ۋە جۇڭگو تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ھەر قايسى ئۆلكە، شەھەر (ئاپتونوم رايون) لەر ئەڭ كېچىككەندىمۇ 2006 - يىلى 2 - نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك باشلىشى كېرەك، بۇنىڭدىن بۇرۇن ئىچكىرىدىكى نۇرغۇن ئۆلكە، شەھەر (ئاپتونوم رايون) لەر ھۆججەت تارقىتىپ 2 - نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى رەسمىي باشلىۋەتتى، تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش خىزمىتى بەزى ئۆلكە، شەھەر (ئاپتونوم رايون) لەردە داغدۇغىلىق قانات يايدۇرۇلدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى 2 - نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك باشلاش ئۈچۈن زور تەييارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن، بەزى ئورۇن، جاي ۋە تارماقلار 2 - نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى باشلىغان ھەمدە قىسمەن نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ ئىچكىرىدىكى ئالدىدا ماڭغان ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارغا قارىغاندا ئاپتونوم رايونىمىز ئارقىدا قالدى. ئەگەر ئۆز ۋاقتىدا 2 - نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى رەسمىي باشلىمايدىغان بولساق جەزمەن پاسسىپ، قالاق ھالەتكە چۈشۈپ قالىمىز. بۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يىل 4 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بەنگۇڭتىڭى ۋە خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى «2 - نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى، بۇ، ئاپتونوم رايونىمىزدا 2 - نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنىڭ رەسمىي باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ قېتىمقى يىغىنىمىزنىڭ بىر مۇھىم كۈنتەرتىپى ئاپتونوم رايوننىڭ 2 - نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى ئىككى بەنگۇڭتىڭ ئۇقتۇرۇشىنىڭ روھىغا ئاساسەن 2 - نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش لايىھىسىنى ئىمكانقەدەر تېز مۇكەممەللەشتۈرۈشى ھەمدە تارقىتىشى لازىم. ۋەزىپە، مەسئۇلىيەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، مۇھىم نۇقتىلارنى گەۋدىلەندۈرۈپ، تەزكىرە خىزمىتىنى پىلان، قەدەم - باسقۇچ بويىچە ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھەر بىر ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە، شەھەر ۋە نازارەت - ئىدارىلەرنى ئۆز ۋەزىپىسىنى ۋە تەلەپنى ئېنىق چۈشىنىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، كېيىنكى باسقۇچلۇق تەزكىرە خىزمىتىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىشقا پۇختا ئاساس

www.uyghurkitap.com



سېلىش لازىم. يىغىنىدىن كېيىن جايلار، تارماقلار تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىگە ئاساسەن كونكرېت خىزمەت پىلانىنى تۈزۈپ مۇۋاپىق پەيتتە 2 - نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى باشلىشى كېرەك. كەسپىي تەزكىرىلەرنى تۈزۈشكە مەسئۇل بولغان ئالاقىدار كومىتېت، ئىشخانا، نازارەت، ئىدارىلەر كەسپىي تەزكىرە تۈزۈش كومىتېتلىرىنى قۇرۇشى، تەزكىرە خىزمىتىگە بىر رەھبەرنى مەسئۇل قىلىپ، تەزكىرە خادىملىرىنى تولۇق سەپلەپ، تەزكىرە تۈزۈش خىراجىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، زۆرۈر خىزمەت شارائىتىنى ھازىرلاپ، تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق قانات يېيىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. مەمۇرىي مەھكىمە (ئوبلاست، شەھەر) لەر، ناھىيە (شەھەر، رايون) ھۆكۈمەتلىرى رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، تەزكىرە كومىتېتلىرى ۋە تەزكىرە تۈزۈش ئاپپاراتلىرىنى تەڭشەپ، خادىملىرىنى تولۇقلاپ، ئۆز يېرىنىڭ تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى ياخشى تەشكىللىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك ئالاقىدار رەھبەرلەر بۇ خىزمەتنى چىڭ تۇتۇپ، قىسقا مەزگىلدە ئۈنۈم يارىتىپ، تۇنجى نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىدە ئومۇميۈزلۈك ساقلانغان سۆرەلمىلىك، بىر ئىزدا توختاپ قېلىشتەك ھادىسىلەرنىڭ پەيدا بولۇشىدىن ساقلىنىشى كېرەك.

3. سۈپەت ئۆتكىلىنى چىڭ تۇتۇپ، تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. سۈپەت ـ تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ جېنى. بىزنىڭ چىقارغان تەزكىرە كىتابلىرىمىز سىياسىي جەھەتتە سۈپەتلىك بولۇشى، ئەمەلىيەتنىڭ، تارىخنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان بولۇشى كېرەك. شىنجاڭ كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون، شىنجاڭنىڭ تارىخىنى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئورتاق ياراتقان. بىز تەكىرە تۈزگەندە ماركسىزملىق مىللەت قارىشىدا چىڭ تۇرۇشىمىز، مىللەتلەرنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىگە ھۆرمەت قىلىشىمىز، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ئورتاق تەرەققىي قىلىشقا پايدىلىق بولۇشنى ئاساسىي مىزان قىلىشىمىز لازىم. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىدە نەشر قىلىنغان تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتى ئومۇمىي جەھەتتىن ياخشى بولۇپ، تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپەت ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ؛ بىراق مۇتلەق كۆپ ساندىكى تەزكىرە كىتابلىرىدا ئازدۇر - كۆپتۇر سۈپەت مەسىلىسى ساقلانغانلىقىنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەك. 2 - نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى يولغا قويغاندا تۇنجى نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈشنىڭ ئاخىرقى چېكىدىن كېيىن توپلىنىدىغان ماتېرىياللار ۋە كىرگۈزۈلىدىغان مەزمۇنلارنى ئوبدان ئىگىلىگەندىن سىرت يەنە تۇنجى نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىدە چۈشۈپ قالغان، خاتا كەتكەن مەزمۇنلارنى تولۇقلاش، تۈزىتىش كېرەك. بۇ جەھەتتە ئىچكىردىكى ئۆلكە - شەھەرلەرنىڭ بەزى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۇسۇللىرىنى ئۆرنەك قىلىپ 2 - نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى باشلىنىشىدىلا بىر قەدەر يۇقىرى باشلىنىش نۇقتىسىغا ئىگە قىلىش كېرەك. ئاپتونوم رايوندىكى تەزكىرە خادىملىرى تارىخ، دەۋر، خەلق ئالدىدا جاۋابكار بولۇش پوزىتسىيىسىدە بولۇپ، سۈپەت ئېڭىنى ئومۇميۈزلۈك تۇرغۇزۇپ، سۈپەت ئۆتكىلىنى چىڭ تۇتۇپ، تەزكىرە كىتابلىرى سۈپىتىنىڭ لاياقەتلىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. ھازىرقىدەك ۋاقىت قىس، ۋەزىپە ئېغىر ئەھۋالدا «سۈپەت بىرىنچى» دېگەن قاراشتا چىڭ تۇرۇپ، قىلچىمۇ بىپەرۋالىق قىلماسلىقى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك تەزكىرە ئاپپاراتلىرى «تەزكىرە خىزمىتى نىزامى» غا ئاساسەن، نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش سىستېمىسىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشى، يېتەكلەش، ماسلاشتۇرۇش ۋە تەكشۈرۈش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، تەزكىرە كىتابلىرىنى ئۈچ دەرىجىلىك تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزۈش تۈزۈمىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سىياسىي، ماتېرىيال، ئۇسلۇب ئۆتكىلىنى ياخشى تۇتۇشى لازىم. ئۈچ دەرىجىلىك تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزۈلمىگەن تەزكىرە كىتابلىرىنى نەشر قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ.

4. تەزكىرە كىتابلىرىنى ئاز سانلىق مىللەت تىلىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىش خىزمىتىنى تېزلىتىش لازىم. ئاپتونوم رايونىمىزدا تۈزۈلگەن سوتسىيالىستىك يېڭى تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ ئورىگىنالى خەنزۇچە بېكىتىلىپ، خەنزۇچە نەشر قىلىنغاندىن كېيىن دەرھال ئاز سانلىق مىللەت تىلىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىش خىزمىتىنى باشلاش كېرەك. ھازىر تەزكىرە كىتابلىرىنى ئاز سانلىق مىللەت تىلىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىش خىزمىتىنىڭ سۈرئىتى ئاستا، بۈگۈنكى كۈنگىچە ئاران 30 توم تەزكىرە كىتابى نەشر قىلىندى، بۇ نەشر قىلىنغان تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ %2 .18نى ئىگىلەيدۇ. بەزى تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ خەنزۇچىسى

نەشردىن چىققىلى 8 ـ 9 يىل بولغان بولسىمۇ ئۇلارنى ئاز سانلىق مىللەت تىلىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىش خىزمىتى تېخىچە ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ۋە تارماقلارنىڭ خىزمەت پىلانىغا كىرگۈزۈلمىدى. شىنجاڭ كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون، شۇڭا كەڭ ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇرمەنلىرىنىڭ تەزكىرىگە بولغان ئېھتىياجىنى تولۇق نەزەردە تۇتۇش كېرەك. تەزكىرە كىتابلىرىدا شىنجاڭنىڭ تارىخى ئەينەن بايان قىلىنىدۇ، بىر كەسىپ، بىر رايوننىڭ تەرەققىيات ئۆزگىرىش ئەھۋالى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە جاپاغا چىداپ كۆرەش قىلىپ غايەت زور ئۆزگىرىش ياسىغانلىقىدەك ئۇلۇغ مۇساپىسى خاتىرىلىنىدۇ. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ۋە چېگرا رايوننى گۈللەندۇرۇش، چېگرا رايوننى قوغداشتەك كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان ئىش ـ ئىزلىرى بايان قىلىنىدۇ، شۇڭا ئۇ دەۋر ئاساسىي مىلودىيىسىنى ياڭرىتىپ ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزم، سوتسىيالىزم تەربىيىسى ئېلىپ بارىدىغان يەرلىك ئوقۇتۇش ماتېرىيالى ھېسابلىنىدۇ. جايلار، تارماقلار تەزكىرە كىتابلىرىنى ئاز سانلىق مىللەت تىلىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىشنى پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداش ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يۇكسەكلىكىدە تۇرۇپ تونۇشى، بۇ خىزمەتنى ھەقىقىي يوسۇندا ياخشى ئىشلىشى لازىم. خەنزۇچە تەزكىرە كىتابىنى نەشر قىلىپ بولغان رايون ۋە ئورۇنلار تەزكىرە كىتابلىرىنى ئاز سانلىق مىللەت تىلىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىش خىزمىتىنى تېزدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ، 2 خىل يېزىقتىكى تەزكىرە كىتابىنىڭ نەشر قىلىنىش ۋاقىت پەرقىنى ئىمكانقەدەر قىسقارتىشى كېرەك. 2 ـ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى جەريانىدا خەنزۇچە تەزكىرە كىتابى نەشردىن چىقىپ 2 يىل ئىچىدە چوقۇم ئۇنى ئاز سانلىق مىللەت تىلىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىش كېرەك. تەزكىرە كىتابلىرىنى ئاز سانلىق مىللەت تىلىغا تەرجىمە قىلىش، تەكشۈرۈش، نەشر قىلىش خىزمىتى چوقۇم بەلگىلىمە، تەرتىپ بويىچە ئېلىپ بېرىلىشى، تەرجىمە، نەشر قىلىش سۈپىتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

5 . تەزكىرە قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش لازىم. تەزكىرە تۈزۈش ئۇزاق مەزگىللىك، سىستېمىلىق مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى. تۆنجى نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈشنىڭ ئاخىرلاشقان ۋاقتى كېيىنكى نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈشنىڭ باشلانغان ۋاقتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە ئالدى بىلەن مۇقىم، مۇئەييەن سىياسىي ۋە كەسپىي ساپاغا ئىگە دائىملىق بىر تەزكىرە قوشۇنى بولۇشى كېرەك؛ ئۇنىڭدىن قالسا تەزكىرە تۈزۈش ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. تۆنجى نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش تەجرىبىلىرىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تەزكىرە قوشۇنى مۇقىم، ئاپپاراتى مۇكەممەل بولغان رايون ۋە تارماقنىڭ تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى ئوڭۇشلۇق، سۈرئىتى تېز، سۈپىتى كاپالەتكە ئىگە بولغان، ئەكسىچە بولغاندا قىيىنچىلىق ئېغىر، سۈرئىتى ئاستا، سۈپەت ناچار بولغان. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر ۋە ئالاقىدار تارماقلار تەزكىرە ئاپپاراتى، قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى ئۇزاق مەزگىللىك ئىستراتېگىيىلىك ۋەزىپە قاتارىدا دائىم چىڭ تۇتۇپ، ئۇنى ئۆز رايونى، ئۆز تارمىقىنىڭ تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىگە بولغان ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇشى كېرەك. بۇ يەردە مۇنداق 4 تۈرلۈك پىكىرىمنى تەكىتلەپ ئۆتۈمەن: بىرىنچىدىن، تەزكىرە تايانچىلىرى مۇقىم بولۇشى، خادىملىرى مۇۋاپىق سەپلىنىشى كېرەك. تارىخ-تەزكىرە ئىشخانىسى ھەرگىزمۇ «بىكارچىلار ئىشخانىسى» ئەمەس، شۇڭا قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان، خىزمەتنى كۆڭۈل قويۇپ ئىشلىمەيدىغانلارنى تەزكىرە ئىشخانىلىرىغا كىرگۈزمەسلىك لازىم. ئىككىنچىدىن، تەزكىرە تۈزۈش ئاپپاراتى مۇكەممەل بولمىغان ئورۇنلار تېزدىن مۇكەممەللەشتۈرۈشى كېرەك. تەزكىرە ئىشخانىلىرى مەيلى ئايرىم تەسىس قىلىنسۇن ياكى باشقا ئورۇنلارغا قوشۇۋېتىلسۇن تەزكىرە خىزمىتىنى توختىتىپ قويۇشقا بولمايدۇ، خادىملار شتاتىنى ئىگىلىۋېلىشقا، ئادەملىرىنى قىسقارتىشقا يول قويۇلمايدۇ، بۇ خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مەخسۇس ئادەم بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەشنى كۈچەيتىپ، تەزكىرە خىزمەتچىلىرىنى تەربىيىلەش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، تەزكىرىچىلەرنىڭ سىياسىي نەزەرىيە ساپاسى ۋە كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش لازىم. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى 2001 ـ يىلدىن باشلاپ قانات يايدۇرغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ساپاسى ۋە خىزمەت سۈپىتىنى

www.uyghurkitap.com



ئۆستۈرۈش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان «ئىككىنى ئۆستۈرۈش» پائالىيىتى ناھايىتى زور ئۈنۈمگە ئېرىشتى. بۇ پائالىيەت ھازىر ئاپتونوم رايوندىكى ھەر قايسى تەزكىرە ئورۇنلىرىغىچە ئومۇملاشتۇرۇلدى، بۇ پائالىيەتنى چوڭقۇر ئۇزاققىچە قانات يايدۇرۇپ، بۇ ئارقىلىق ئاپتونوم رايوننىڭ تەزكىرە قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى يېڭى بىر بالداققا كۆتۈرۈش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە كەسپىي تايانچلارنى تەربىيىلەش ۋە يېڭى كۈچلەرنى تولۇقلاشقا ئەھمىيەت بېرىپ، خادىملار قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاپ، سىياسىي ساپاسى ياخشى، سىياسىي نەزەرىيە سەۋىيىسى ۋە كەسپىي ئىقتىدارى يۇقىرى، تەزكىرە ئىشلىرىنى قىزغىن سۆيىدىغان مۇنەۋۋەر ئىختىساسلىقلارنى تەزكىرە خىزمىتى ئورنىغا ۋاقتىدا تاللاپ سەپلەپ، تەزكىرە ئىشلىرىنىڭ ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم. تۆتىنچىدىن، تەزكىرە خادىملىرىنىڭ خىزمەت ۋە تۇرمۇشىغا، سىياسىي جەھەتتىكى ئىلگىرىلىشىگە كۆڭۈل بۆلۈش لازىم. باشقا خىزمەتلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا تەزكىرە خىزمىتى زېرىكىشلىك ھەم جاپالىق، كۆپ ھاللاردا باشقىلارنىڭ ئېتىبارىغا ئېلىنمايدىغان، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە نەتىجىسىنى كۆرگىلى بولمايدىغان خىزمەت. بۇ بىزدەك ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەردىن تەزكىرە خادىملىرىغا كۆپرەك غەمخورلۇق قىلىش، ئۇلارنى ھېسسىيات ئارقىلىق تۇتۇپ قېلىپ، كەسىپ ئارقىلىق ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلارنى غەم - ئەندىشىدىن خالىي قىلىپ، ئۇلارغا زۆرۈر خىزمەت، ئۆگىنىش، تۇرمۇش شارائىتى يارىتىپ بېرىپ، ئۇلارنى خاتىرجەم خىزمەت قىلىپ، تۇرلۇك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىلىرىنى سۈپەتلىك ۋە سانىغا كاپالەتلىك قىلغان ھالدا ئورۇنداش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

6. تەزكىرە ئىشلىتىش ساھەسىنى كېڭەيتىپ، ئۇنى رېئاللىق ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇش كېرەك. تەزكىرە تۈزۈشتىكى تۈپ مەقسەت ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش. تەزكىرە خىزمىتىنى ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرغاندىلا، ئاندىن ئۇ كۈچلۈك ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولىدۇ. ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزدا زور بىر تۈركۈم تەزكىرە كىتابلىرى نەشر قىلىندى، ئۇلار جايلار ئەھۋالىنى چۈشىنىش، بىلىش ۋە ئىگىلەشتە ئىنتايىن قىممەتلىك بىلىم بايلىقى ۋە ئۇچۇر مەنبىيى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ ئورنىنى باشقا نەشر بۇيۇملىرى ئالالمايدۇ. ھەر دەرىجىلىك تەزكىرە تارماقلىرى ھەم تارىخ ئالدىدا مەسئۇل بولۇپ، داڭلىق، ياخشى تەزكىرىلەرنى تۈزۈشى ھەم دەۋر ئالدىدا مەسئۇل بولۇپ، رېئاللىققا كۆز تىكىپ، جەمئىيەتكە خىزمەت قىلىشى كېرەك، ھازىرقىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتەك بۇ چوڭ تېمىنى كۆپرەك تەتقىق قىلىپ، تەزكىرە تۈزۈش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى ئوخشاش مۇھىم ئورۇنغا قويۇشى لازىم . تۇنجى نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈشتە نەشر قىلىنغان تەزكىرە كىتابلىرىنى چۆرىدەپ تەزكىرە ئوقۇش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرغاندىن سىرت 2 - نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىدە «بىر تەرەپتىن تۈزۈپ بىر تەرەپتىن پايدىلىنىش، تۈزۈش بىلەن پايدىلىنىشنى بىرلەشتۈرۈش» ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ، توپلانغان جايلار ئەھۋالىغا دائىر ئۇچۇرلارنى ۋاقتىدا ئېلان قىلىپ، جەمئىيەتكە خىزمەت قىلىش لازىم. ئاپتونوم رايوننىڭ مەركىزىي خىزمىتىنى زىچ چۆرىدەپ توپلانغان، رەتلەنگەن ۋە ئىگىلەنگەن جايلار ئەھۋالىغا دائىر ماتېرىياللاردىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئۇچۇر بايلىقىنى ئېچىش، پايدىلىنىش خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇش لازىم. بۇ قىممەتلىك بايلىقلارنى كىشىلەر كۆزىدىن ساقىت قىلىپ تېگىشلىك رولىنى جارى قىلالمايدىغان قىلىپ قويماسلىق لازىم. ئاپتونوم رايوندىكى تەزكىرە خىزمەتچىلىرى تەزكىرىدىن پايدىلىنىش دائىرىسىنى كېڭەيتىشنى ئۆز ۋەزىپىسى قىلىپ، تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ تۈرلۈك ئىقتىدارلىرىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئۇنى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ جايلار ئەھۋالىنى، تارىخنى ئىگىلىشى ۋە ئىلمىي تەدبىر بەلگىلەشتىكى زۆرۈر ئوقۇشلۇقىغا، پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت خىزمەتچىلىرىنىڭ قورال كىتابىغا، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ جايلار ئەھۋالىنى بىلىشتىكى دەرسلىكىگە، بىرەر جاي، بىرەر كەسىپنىڭ قىياپىتىنى نامايەن قىلىش ۋە سوتسىيالىستىك شەرەپ - نومۇس قارىشى تەربىيىسى ۋە ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇشتىكى تەشۋىقات كىتابىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك. يىغىپ ئېيتقاندا ئۇنى سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشقا ئەسقاتىدىغان چوڭ ھەجىملىك ماتېرىيال كىتابقا ئايلاندۇرۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇش كېرەك.

(ئاخىرى 5 - بەتتە)

# ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىدىن قىسقىچە خەۋەر

2006 - يىل 9 - ئاينىڭ 26 - ، 27 - كۈنلىرى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنى ئاچتى. يىغىنغا ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە، رايونلارنىڭ تەزكىرە خىزمىتىگە مەسئۇل رەھبەرلىرى ۋە تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، ئاپتونوم رايوندىكى كومىتېت، ئىشخانا، نازارەت، ئىدارىلەرنىڭ تەزكىرە خىزمىتىگە مەسئۇل رەھبەرلىرى ۋە كەسپىي تەزكىرە خادىملىرى بولۇپ جەمئىي 450 نەپەچچە ئادەم قاتناشتى. بۇ قېتىمقى يىغىن ئاپتونوم رايونىمىز 1983 - يىلى تەزكىرە خىزمىتىنى قانات يايدۇرغاندىن بۇيان ئاچقان كۆلىمى ئەڭ چوڭ يىغىن بولدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمائىل تىلىۋالدى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جاپپار ھەبىبۇللا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مەمتىمىن زاكىر، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپى ئايۇپ تىيىپ، كادىرلار نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى كاڭ تىڭفېڭ، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى رەھبەرلىرىدىن سۈي شۈجيې، ۋۇ شىگدۇ، دىلمۇرات مۇسا، ليۇ شىڭ شۇنداقلا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لى جىڭشى، بىڭتۇەن تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ليۇ خېمىڭلار ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى. مۇئاۋىن رەئىس جاپپار ھەبىبۇللا ئېچىلىش مۇراسىمىغا رىياسەتچىلىك قىلدى، رەئىس ئىسمائىل تىلىۋالدى مۇھىم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇكاپاتقا ئېرىشكەن 51 تەزكىرە كىتابى، يىلنامە ۋە جايلار ئەھۋالىغا دائىر كىتابنى تۈزگۈچى ئورۇنلار تەقدىرلەندى؛ 41 كوللېكتىپ 2001 — 2005 - يىلغىچە ئاپتونوم رايوننىڭ تەزكىرە خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ، 107 شەخس ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ، 20 كوللېكتىپ ئاپتونوم رايوننىڭ تەزكىرە سىستېمىسى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ، 30 شەخس ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالاندى. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر سۈي شۈجيې «ئاپتونوم رايونلۇق 4 - قېتىملىق يېڭى تۈزۈلگەن تەزكىرە، يىلنامىلەر بويىچە مۇنەۋۋەر نەتىجىلەرنى تەقدىرلەش توغرىسىدا قارار» بىلەن «2001 — 2005 - يىلغىچە ئاپتونوم رايوننىڭ تەزكىرە خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش توغرىسىدا قارار»نى، كادىرلار نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى كاڭ تىڭفېڭ «ئاپتونوم رايوننىڭ تەزكىرە سىستېمىسى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش توغرىسىدا قارار»نى ئېلان قىلدى.

يىغىن ئارىلىقىدا يەنى 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتى 4 - قېتىملىق ئەزالار قۇرۇلتىيى ئېچىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىدا ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر سۈي شۈجيې «تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، 1 - نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى تېزدىن تاماملاپ، 2 - نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرايلى» دېگەن تېمىدا دوكلات بەردى.

## 1. ئاپتونوم رايونىمىز تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرىچىلىك خىزمىتى 1983 — 1985 - يىلغىچە بولغان تەشكىللەش، سەپەرۋەرلىك قىلىش باسقۇچى، 1986 — 1992 - يىلغىچە بولغان تەزكىرە تۈزۈشنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇش باسقۇچى، 1993 — 2006 - يىلغىچە بولغان تەزكىرە كىتابلىرىنى تۈركۈملەپ نەشر قىلىش باسقۇچىدىن ئىبارەت ئۈچ باسقۇچنى بېسىپ ئۆتتى. 23 يىلدىن بۇيان ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى 6 نۆۋەت تەشكىللەندى، ھەر نۆۋەتلىك كومىتېت مۇدىرلىقىنى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئۈستىگە ئالدى.

www.uyghurkitap.com

تەزكىرە خىزمىتى جاپالىق شارائىتتا باشلىنىپ، ئەگرى - توقايلىق ئىچىدە ئىلگىرىلەپ، مول نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. 2006 - يىل 8 - ئايغىچە نەشر قىلىش پىلانلانغان 86 توم «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى»دىن 68 تومى، 15 توم ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر تەزكىرىسىدىن 13 تومى، 92 توم ناھىيە، شەھەر تەزكىرىسىدىن 84 تومى نەشر قىلىنىپ بولدى. بۇلاردىن 30ى ئاز سانلىق مىللەت تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىندى. «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنىڭ خەنزۇچىسى 107 سان، ئۇيغۇرچىسى 92 سان چىقىرىلدى. «شىنجاڭ يىلنامىسى» 1985 - يىلى نەشر قىلىنغاندىن بۇيان ھازىرغىچە خەنزۇچە 22 توم، ئۇيغۇرچە 22 توم نەشر قىلىندى.

1985 - يىلى ئاپتونوم رايون تەزكىرە ئاپپاراتى قۇرۇش توغرىسىدا ھۆججەت چۈشۈرگەندىن كېيىن، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەردە ۋە تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسى بار نازارەت - ئىدارىلەردە تەزكىرە قوشۇنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈلدى. ھازىرغىچە ئاپتونوم رايونىمىزدا تەزكىرە خادىمى 2800دىن ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي خادىم 980دىن، قوشۇمچە ۋە ئىشتىن سىرتقى خادىم 1820دىن، ئاز سانلىق مىللەت تەزكىرە خادىمى 100دىن ئاشىدۇ، 100 خادىمنىڭ ئالىي ئۇنۋانى بار.

1993 -، 1997 - يىللىرىدىكى مەملىكەت بويىچە يېڭى تەزكىرە كىتابلىرىنى باھالاشتا «قۇمۇل ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «ئاقسۇ شەھىرى تەزكىرىسى»، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى . چارۋىچىلىق تەزكىرىسى»، «كۇچا ناھىيىسى تەزكىرىسى» 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، يەنە بىرنەچچە تەزكىرە 2 -، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، ئاپتونوم رايون بويىچە پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىدىكى مۇنەۋۋەر نەتىجىلەرنى باھالاشتا «قۇمۇل ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى . ھەربىي ئىشلار تەزكىرىسى» 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى . شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى تەزكىرىسى»، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى . تىل - يېزىق تەزكىرىسى»، «ئۈرۈمچى شەھىرى تەزكىرىسى»، «شىنجاڭ يىلنامىسى» قاتارلىق 20 نەچچە تەزكىرە، يىلنامە 2 -، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى. بۇ يىل 4-ئايدا بېيجىڭ خەلق سارىيىدا ئېچىلغان مەملىكەتلىك تەزكىرە ساھەسىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش يىغىنىدا ئاپتونوم رايونىمىزدىن 14 ئىلغار شەخس، 10 ئىلغار كوللېكتىپ تەقدىرلەندى.

## 2. تەزكىرە تۈزۈش جەھەتتىكى ئاساسىي تەجرىبىلەر ۋە ساقلانغان مەسىلىلەر

1 - نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىدە ھاسىل قىلغان تەجرىبىلەر:

1) رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش — تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتىكى ئاچقۇچ.

2) توغرا يېتەكچى ئىدىيە تۇرغۇزۇش — تەزكىرە كىتابلىرى سۈپىتىنىڭ تۈپ كاپالىتى.

3) مۇكەممەل تەزكىرە ئاپپاراتى ۋە يۇقىرى ساپالىق تەزكىرە تۈزۈش قوشۇنىنىڭ بولۇشى — تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ مۇھىم تەشكىلىي كاپالىتى.

4) ھەممە تەرەپ بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ ئىشلەش — سوتسىيالىستىك يېڭى تەزكىرىنى ياخشى ئىشلەشتىكى يېڭى ئىجادىيەت.

5) تەزكىرە خىزمىتى تەرتىپىنى چىڭىتىش، بولۇپمۇ تەكشۈرۈش تەرتىپىنى چىڭىتىش — تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىشتىكى مۇھىم تەدبىر.

ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە قىيىنچىلىقلار:

1) تەزكىرە تۈزۈش سۈرئىتى تەكشىسىز.

2) قىسمەن جايلارنىڭ تەزكىرە تۈزۈش قوشۇنى مۇقىم ئەمەس.

3) تەزكىرىلەرنى ئاز سانلىق مىللەت تىلىغا تەرجىمە قىلىش، نەشر قىلىش خىزمىتى تولىمۇ ئارقىدا.

4) تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

5) تەزكىرە كىتابلىرىنى تارقىتىش، تەشۋىق قىلىش خىزمىتىگە يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىلمىگەچكە، تەزكىرىنىڭ جەمئىيەتكە، رېئاللىققا مۇلازىمەت قىلىش ئىقتىدارىنىڭ جارى قىلدۇرۇلۇشى يېتەرلىك بولمىدى.

## 3. بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەر

1) 2 - نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلىدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن، 2 - نۆۋەتلىك تەزكىرىنى تۈزۈشنىڭ ئۇسۇلى ۋە قەدەم-باسقۇچى مۇۋاپىق تەڭشەلدى. ئالدى بىلەن «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى»نىڭ 10 مىليون خەت ئەتراپىدىكى 8 توملۇق ئىخچاملانغان نۇسخىسى تۈزۈپ چىقىلىدۇ، بۇنى تۈزۈش، تەكشۈرۈش، نەشر قىلىشنى ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى بىرتۇتاش تەشكىللەيدۇ. يۈرۈشلۈك كەسپىي تەزكىرىلەر يەنىلا 80 تومغا ئايرىپ تۈزۈلىدۇ، بۇلارنى تۈزۈشكە نازارەت - ئىدارىلەر مەسئۇل بولىدۇ. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە تەزكىرىلىرى ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈپ تۈزۈلىدۇ، 1 - تۈركۈمدىكى 57 توم تەزكىرىنى تۈزۈش بۇ يىل باشلىنىپ 2010 - يىلى ئاخىرلىشىدۇ؛ 2 - تۈركۈمدىكى 56 توم تەزكىرىنى تۈزۈش بۇ يىل باشلىنىپ 2015 - يىلى ئاخىرلىشىدۇ.

2) ئۇنۇملۇك تەدبىر قوللىنىلىپ، خىزمەت سۈپىتى ئۆستۈرۈلۈپ، 1 - نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇندىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىنىدۇ.

3) «تەزكىرە خىزمىتى نىزامى» ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇلىدۇ.

4) تەزكىرىچىلىك نەزەرىيىسى تەتقىقاتى پائال قانات يايدۇرۇلىدۇ، تەزكىرە قوشۇنى قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىدۇ.

5) سۈپەت ئېڭى كۈچەيتىلىپ، تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتىگە يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىلىدۇ.

6) تەزكىرە كىتابلىرىنى ئاز سانلىق مىللەت تىلىغا تەرجىمە قىلىش، نەشر قىلىش خىزمىتىگە يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىلىدۇ.

7) يىلنامىنىڭ سۈپىتى يەنىمۇ ئۆستۈرۈلۈپ، ئىجتىمائىي ئۇنۇمى ۋە ئىقتىسادىي ئۇنۇمى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ.

8) تەزكىرە بايلىقىدىن پايدىلىنىش ئۇنۇمى ئۆستۈرۈلىدۇ، تەزكىرە ئۇچۇرىنى تورلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىدۇ.

## ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتى 4 - قېتىملىق ئەزالار قۇرۇلتىيىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى

بۇ قۇرۇلتاي 2006 - يىل 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئېچىلدى. قۇرۇلتايغا ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيىلىك، رايونلۇق تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىلىرىنىڭ ۋە «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» كەسپىي تەزكىرە ئىشخانىلىرىنىڭ مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى بولۇپ 230 نەچچە ئادەم قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتى 3 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ باشلىقى سۈي شۇجيې ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتى 3 - نۆۋەتلىك كېڭەشكە ۋاكالىتەن «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتى 3 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ خىزمىتىدىن دوكلات» بەردى؛ ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن مۇدىر، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتى 3 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قوشۇمچە باش كاتىپ ۋۇ شىڭدۇ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسى» (لايىھە) غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدا ئىزاھات بەردى. ۋەكىللەر خىزمەت دوكلاتى بىلەن تۈزىتىلگەندىن كېيىنكى نىزامنامىنى قاراپ چىقىپ ماقۇللىدى. قۇرۇلتايدا 74 كىشى ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتى 4 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى.

شۇ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتى 4 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ 1 - قېتىملىق يىغىنى ئېچىلدى، يېڭىدىن سايلانغان 74 كېڭەش ئەزاسى سۈي شۇجيې قاتارلىق 33 كىشىنى بىردەك دائىمىي كېڭەش ئەزالىقىغا سايلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە سۈي شۇجيېنى 4 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ باشلىقلىقىغا، ۋۇ شىڭدۇ، دىلمۇرات مۇسا، ليۇ شىڭ، مياۋ پۇشېڭ، ليۇ خېمىڭلارنى كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا، ۋۇ شىڭدۇنى قوشۇمچە باش كاتىپلىققا، جېڭ دۇڭخۇي قاتارلىق 6 كىشىنى مۇئاۋىن باش كاتىپلىققا سايلىدى.

www.uyghurkitap.com

# ماخۇسەنگە ئەسكەر بولغان كۈنلەردىكى كەچۈرمىشلەر

بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىغانلاردىن ئىكەن. بوۋام رەخمەت دىۋانەم 120 ياشتا، دادام مەمەت سوفۇم 105 ياشتا ئالەمدىن ئۆتكەن. مەن ھازىر 103 ياشقا كىردىم، تېنىم ساق، يېمەك - ئىچمىكىم ياخشى، ئۈچ يىل بولدى كۆزۈم تۇتۇلۇپ قالدى، سىرتلارغا چىقماقچى بولسام بالىلىرىم يېتىلەپ ئاپىرىدۇ. تونۇش - بىلىشلەرنى ئاۋازىدىن تونۇپ پاراڭلىشىمەن.

ئۆتمۈشتە ما خۇسەنگە ئەسكەر بولۇپ 3 يىل تۇردۇم، ئارىدىن 70 نەچچە يىل ئۆتۈپتۇ، مەن بىلەن ئەسكەر بولغانلارنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ مەنلا قالدىم. ئادەمنىڭ بېسىپ ئۆتكەن ئۆمرىدە بىر خۇشاللىق بىلەن بىر ئازاپ ھەرگىزمۇ ئېسىدىن چىقمايدىكەن، ئۇنى شۇنداق ئەسلىسەم كىنو لېنتىسىدەك كۆز ئالدىمدىن بىربىرلەپ ئۆتىدۇ.

1

يۇرتۇم يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى، تەكلىماكان چۆللۈكىنىڭ غەربىي جەنۇبىي تەرىپىدىكى تەۋەككۇل يېزىسىنىڭ قاقشال كەنتىدىن ئىبارەت. شۇ چاغدا بۇ يېزا لوپ ناھىيىسىگە قارايتتى. ناھىيە مەركىزىگىچە بولغان ئارىلىقى 100 كىلومېتىردىن ئاشاتتى، ناھىيىگە بارىدىغان يول يوق بولۇپ، بېرىشقا توغرا كەلگەندە چاتقاللارنى كېسىپ پىيادە ياكى ئۇلاغ بىلەن 2ـ 3 كۈن ماڭغاندا ئاندىن بارغىلى بولاتتى. بۇ ياقا يۇرتنىڭ دېھقانلىرى نامرات، ئاڭ سەۋىيىسى تۆۋەن بولۇپ، بەگ - بوجاڭلارنىڭ زۇلۇمىدا ئىڭرايتتى. 1934 - يىلى كۈزدە «ما خۇسەن» دېگەن بىر «ھۆكۈمەت» پەيدا بولدى. شۇنىڭ بىلەن خوتەن ۋە تەۋەككۇل ئاسمىنىنى قارا بۇلۇت قاپلىدى.

پۇقرالار يەر - زېمىن، مال - مۈلۈك، بالا - چاقىلىرى ئۇياقتا تۇرسۇن ئۆزلىرىنىڭ جېنىغىمۇ ئىگە بولالمىدى. بۇلاڭچىلىق، باسقۇنچىلىق، ئادەم تۇتۇش، قىرىش، چېپىش دېگەنلەر كۈندە دېگۈدەك بولۇپ تۇردى. بىز بىر تۇغقان ئىككى ئوغۇل، ئۈچ قىز ئىدۇق، ئائىلىمىز ئىنتايىن نامرات ئىدى. بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى مەھەللىمىزدىكى زومىگەر رەخىم ھاجىنىڭ يېرىگە ئورتاقچىلىق قىلىپ كۈنىمىزنى ئۆتكۈزەتتۇق. ئۇنىڭ يەرلىرى كۆپ بولۇپ، نامرات دېھقانلار ئۇنىڭ ئورتاقچىلىقىنى قىلاتتى. جاڭگال ۋە تاغدا 500 ـ 600 مېلى بار ئىدى، قويچىلىرى ئەۋلادمۇ - ئەۋلاد ئۇنىڭ ماللىرىنى بېقىپ چۆلدىن چىقماي ئالەمدىن ئۆتەتتى. 60 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان ئەمەت پوقاق دېگەن ئادەم كەنتتىن بىر يېرىم كۈنلۈك يىراقلىقتىكى ئاياغ توغراق، تاتوقاي دېگەن جاڭگالدا رەخىم ھاجىنىڭ قويلىرىنى باقىدىكەن. 12 ياش چېغىمدا رەخىم ھاجى



مېنى شۇ يەرگە ئاپىرىپ، «بۇ بالىغا مال بېقىشنىڭ ئۇسۇللىرىنى ئۆگەت» دەپ ئەمەت پوقاق دېگەن ئادەمگە قوشۇپ قويدى. مەن بۇرۇن ئۆيدىن ئايرىلىپ باقمىغاچقا جاڭگال سۈرلۈك ۋە قورقۇنۇچلۇق تۇيۇلدى. دەسلەپتە قورقۇپ كۈندۈزىمۇ ساتمىدىن چىقالمىدىم، كېيىنچە ئەمەت ئاكام نەگە بارسا مەنمۇ شۇ يەرگە بىللە باردىم. كېچىسى ئەمەت ئاكامنىڭ قوينىغا كىرىپ ياتتىم. ئۇ مېنى ئۆز بالىسىدەك كۆرۈپ ياخشى مۇئامىلە قىلدى. شۇنداق قىلىپ بۇ جاڭگالدا 5 ـ 6 يىلنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆتكۈزۈپ چوڭ بولدۇم، 17 ـ 18 ياشلارغا كىرگەندە كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولۇپ، ھېچ نەرسىدىن قورقمايدىغان ھالەتكە كەلدىم. ئەمەت ئاكامۇ بارغانسېرى قېرىپ، ئاجىزلىشىپ ماللارنىڭ ئارقىسىدىن يېتىشەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. بۇ يەردىكى بارلىق ئىشلارنى مەن قىلاتتىم. بىر كۈنى ئەمەت ئاكام ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قېلىپ تاماقتىنمۇ قالدى. بىرەر كېلىشمەسلىكنىڭ بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئۇنىڭ يېنىدىن ئايرىلمىدىم. بىر كۈنى ماللارنى سۇغۇرۇپ قايتىپ كەلسەم ئۇ كۆز يۇمۇپتۇ، مەن ئۆزەمنى ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ بىر ھازا يىغلىدىم. ئۇ مېنىڭ شەپقەتچىم، ئانام، دادام ئىدى. 12 يېشىمدىن باشلاپ بېقىپ چوڭ قىلدى، ئۇنىڭدىن ئايرىلغېنىمغا قاتتىق ئازاپلاندىم، كۆزۈمدىن ياش توختىمايتتى، ئەمما بۇ چۆلدە مېنىڭ يىغامنى ئاڭلايدىغان كىم بار دەيسىز؟ ئەمدى جەسەتنى بىر تەرەپ قىلىش ئىشى بېشىمنى قاتۇردى، دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكى (غەربى) قاراكۆل دېگەن تۇقايدىكى لاسكويلۇقنىڭ ئېغىلى ئېسىمگە كېلىپ، دەرھال دەريادىن ئۆتۈپ ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ ئەھۋالنى ئېيتىپ ياردەم سورىدىم. 50 ياشلار چامىسىدىكى مالچى سادىر ئاخۇن ئاكا بىلەن

20 ياشلار چامىسىدىكى شاگىرتى مەن بىلەن بىللە كەلدى، ئۈچىمىز جەسەتنى دەپنە قىلدۇق. شۇنىڭدىن كېيىن كۈنلىرىم تەسلەشتى، 3 ـ 4 يۈز مالنىڭ ھۆددىسىدىن يالغۇز چىقىش ئوڭاي ئەمەس ئىدى. ئۆمۈر بويى چۆلدىن چىقماي مال بېقىش پىشانەمگە پۈتۈلگەن ئوخشايدۇ. ئوزۇق ـ تۈلۈك ئالغىلى 1 ـ 2 ئايدا بىر قېتىم كەنتكە كىرەتتىم، بەزىدە رەخىم ھاجىنىڭ 2 ـ 3 ئايدا بىر قېتىم ماللارنىڭ سانىنى ئالغىلى چىقىدىغان ئادەملىرى ئوزۇق ئالغاچ چىقاتتى. ئوزۇق ـ تۈلۈك بولسىلا يېرىم يىل ھەتتا بىر يىلدىمۇ بىرەر قېتىم كەنتكە چىقمايتتىم. ئۇن بىلەن سۇدىن باشقا يەل ـ يېمىش، قوغۇن ـ تاۋۇز دېگەنلەرنى كۆرمەيتتىم، كۆكتات دېگەنلەرنىغۇ ئەسلا بىلمەيتتىم. شۇنداق مۇھىت ۋە شارائىتتا ياشاپ 30 ياشقا كىرىپ، ساقال ـ بۇرۇتلىرىم چىقىپ قېرى يىگىتكە ئايلاندىم. دادامنىڭ مېنى چۆلدىن قايتۇرۇپ كەلگۈسى بولسىمۇ، رەخىم ھاجى قويمايتتى. بىر قېتىم قۇربان ھېيتتا دادام مېنى ھېيتنى كەنتكە كېلىپ بىز بىلەن بىللە ئۆتكۈزسۇن، دەپ ئاكام سەيدى ئاخۇننى ئورنۇمغا كىرگۈزۈپتۇ. مالنى ئونىڭغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ كەنتكە كىرىپ ئاتا ـ ئانام، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىم بىلەن جەم بولۇپ، ھېيتنى خۇشال ئۆتكۈزدۇم. كىچىكىمىزدە بىللە ئويناپ ئۆسكەن ئاغىنىلىرىم بىلەن كۆرۈشسەم، ئۇلار خوتۇن ئېلىپ، باللىق بولۇشۇپتۇ. مەن ئۇلارغا ۋە بالا ـ چاقىلىرىغا قاراپ ئۆزەمنىڭ نەقەدەر ئىپتىدائىي تۇرمۇش كەچۈرگىنىمنى ھېس قىلىپ، جاڭگالغا قايتىپ بارماسلىق نىيىتىگە كەلدىم. كەنتنىڭ مۇھىتى ماڭا تەسىر قىلدى، ئىدىيەمدە ئۆزگىرىش بولدى. ئەتىسى دادامغا جاڭگالغا بارماسلىق توغرىسىدىكى ئويۇم ۋە سەۋەبلىرىمنى دېدىم. دادام ياۋاش

www.uyghurkitap.com

بەندە بولۇپ، رەخىم ھاجىنىڭ گېپىدىن چىقمايتتى. ئۇ: «بالام سەن چۈشەنمەيسەن، بىز نامراتلىقتىن جان باقالماي بايلارغا يالىنىپ ئىشلەۋاتىمىز، سەۋرى قىلغىن، قولىمىز قىسقا بولغاچقا بىر كىمنىڭ يېنىغا قىزىنى سوراپمۇ بارالمىدىم» دەپ يىغلاپ كەتتى. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ يوقسىزلىق، نامراتلىقتىن بولىۋاتقانلىقىنى چوڭقۇر چۈشەندىم ۋە دادامغا: «دادا بولدى يىغلىما، مەن جاڭگالغا مال بېقىشقا بېرىپ ئاكامنى قايتۇرۇۋېتەي» دەپ ۋەدە بەردىم ھەمدە تەييارلىقلىرىمنى پۈتكۈزۈپ جاڭگالغا كەتتىم.

ئارىدىن 2 ـ 3 ئاي ئۆتتى. بىر كۈنى بۇ جاڭگالغا يۇمۇلاقباغ كەنتىدىن پاسەك ئاخۇن، داڭقان، قاقشالدىن رەخىم ئاخۇن قامۇش، قاسىم شاتۇت، روزى تەلپەك، قاچچى كەنتىدىن ئابدۇقادىر بوۋام، ماخمۇت دولات، سىيىت جاناق قاتارلىق 7 ـ 8 ئادەم كەلدى. ئۇلار: «كەنتتە ما خۇسەن 15 ~ 50 ياشقىچە بولغان ئەرلەرنى ئەسكەرلىككە تۇتقىلى تۇردى. ئۆتكەندە راشىدىن تۇڭگان كېلىپ 90 نەچچە ئادەمنى تۇتۇپ كەتكەن، يەنە ئەسكەر ئالغىلى كېلىپ ئۆيمۇ ئۆي ئاختۇرۇپ ئادەم تۇتىۋاتىدۇ. قېچىپ كەتكەنلەرنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى تارى بەگ تۇتۇپ كېلىپ، بالاڭنى تاپ، دەپ قىيناۋاتىدۇ. بىز ئۆيدىن چىققانچە ھېچنىمە ئالمايلا مۇشۇ يەرگە قېچىپ كەلدۇق، بىر ـ ئىككى كۈندىن كېيىن ئوزۇق- تۈلۈكىمىز كېلىدۇ، شۇ چاغدا ئاقسۇ، كۇچاغا كېتىمىز. ئۆتكەنكى ئادەم تۇتۇش خەلقنى ناھايىتى قورقىتىۋەتكەچكە، تەرەپ ـ تەرەپكە تاراپ كەتتى. ئۆيگە ۋە يېقىن ئەتراپقا يوشۇرۇنىۋالغانلارنى ئاختۇرۇپ تۇتىۋاتىدۇ، شۇڭا ئۇلارغا تۇتۇلۇپ قالماسلىق ئۈچۈن بۇ يەرگە كېلىۋالدۇق» دېيىشتى.

بۇ نۆۋەت تەۋەككۇل يېزىسىغا 120 ئەسكەر ئېلىش ۋەزىپىسى كەپتۇ، ئادەملەر قېچىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن كۆپ تۇتالماپتۇ، تەۋەككۇلنىڭ بېگى تاربەگ 120 ئادەمنى تۇتۇپ ساق ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى ۋەدە قىپتۇ. تاربەگ ئادەملەرنىڭ 2 ـ 3 كۈنلۈك نېرىدىكى جاڭگالغا قاچقىنىنى ئۇقۇپ بىرقانچە دورغىسىنى ما خۇسەن ئەسكەرلىرىگە قوشۇپ پۇقراچە كىيىندۈرۈپ، جاڭگالغا كەتكەنلەرنى تۇتۇپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. ئۇلار يېقىن ئەتراپتىكى قومۇشلۇق، چاتقاللارنى ئاختۇرۇپ، يوشۇرۇنغانلارنى تاپالماپتۇ، ۋەزىپىنى ئورۇنلىيالمىسا تاربەگمۇ ما خۇسەننىڭ غەزىپىدىن قۇتۇلالمايتتى.

تاربەگ ما خۇسەننىڭ سادىق غالچىسى، ئۇنىڭ سايىسىدا سەمرىگەن زالىم، قانخور بەگ ئىدى. ئەسكەرلىككە ئادەم تۇتۇش ئۇنىڭ نەپكە ئېرىشىپ ھارام دۇنيا توپلىشىنىڭ ياخشى پۇرسىتى ئىدى. ما خۇسەننىڭ پۇقراچە كىيىنگەن بىر بەن ئەسكىرى تاربەگنىڭ دورغىلىرىنىڭ يول باشلىشى بىلەن ئېشەكلەرگە نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئارتىپ، 3- كۈنى پېشىن ۋاقتى بىلەن بىز تەرەپكە يېقىنلاپ كەلدى. قېچىپ چىققانلار «بىزنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈكلىرىمىز كەلدى» دەپ خوش بولۇشۇپ كەتتى. ھەممەيلەن سىرتقا چىقىپ ئۇلارنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇردۇق. ئۇلار يېنىمىزغا كېلىشى بىلەن قوينىلىرىدىن قورallىرىنى چىقىرىپ ئاسمانغا ئوق چىقىرىپ «ھەممىڭ يەردە يات» دەپ ۋارقىرىدى، ھەممىمىز يەردە دۈم ياتتۇق، ئۇلار بىر بىرلەپ قوللىرىمىزنى ئارقىغا قىلىپ باغلىدى. شۇ قاتاردا مەنمۇ باغلاندىم. مەن بۇ نەس باسقان جاڭگالدىن قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى تاپالماي يۈرەتتىم. شۇڭا، ئەجەپمۇ ياخشى ئىش بولدى، مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بۇ قاغىش تەككۈر جاڭگالدىن قۇتۇلۇپ، شەھەر

كۆرۈپ ئادەمدەك ياشايدىغان بولدۇم، دەپ خوش بولۇپ كەتتىم. ئۇلار بىزنى باغلاپ بولۇپ، ئاچ قالغان بۆرىدەك ئېغىلغا كىرىپ، 3 ـ 4 قوينى تۇتۇپ سويۇپ، گۆلخان يېقىپ كاۋاپ قىلىپ يېيىشتى، ئاشقانلىرىنى خالتا - خۇرجۇنلىرىغا سېلىپ، بىزنى بىر بىرىمىزگە چېتىپ كەنتكە ئېلىپ ماڭدى. كەنتكە كېلىپ تارىبەگنىڭ ئۆيىگە سولىدى، ئۇ يەردە 50 ~ 60تەك ئادەم سولاقلىق ئىكەن. تارىبەگنىڭ ئىشىك ئالدى سولانغانلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، يارۇ - بۇرادەرلىرى بىلەن توشۇپ كېتىپتۇ. تارىبەگ خالىغان ئادەمنى ئەسكەرلىككە تۇتۇپ بېرىپ، خالىغان ئادەمنى ئېلىپ قالالايتتى. كېرەم مىراپنىڭ ئوغلى ماخمۇت دولانمۇ بىز بىلەن تۇتۇلغانىدى، ئۇنىڭ دادىسى 50 سەر تەڭگە، بىر توپ تاۋار بېرىپ ئوغلىنى ئاجرىتىۋالدى. ئۇنىڭ ئورنىغا تۇگمەنئېرىق بويىدىن ۋاسىل يومداننى تۇتۇپ بەردى. قويۇپ بېرىدىغانلار قاتارىدا مېنىمۇ چاقىرىپ قويۇپ بەردى. مەن نەق مەيداندا: «مەن ئەسكەرلىككە بارىمەن، مېنى بارغىلى قويۇڭلار» دېدىم. ئەتراپتىكى ئاما گېپىمنى ئاڭلاپ ھەس - ھەيران قېلىشتى. «بۇ بالا ساراڭ بوپتۇ، ئەقلىدىن ئازغان ئوخشايدۇ، بىز باللىرىمىز-نى ئاجرىتالماي تارىبەگكە يالۋۇرۇپ قىلمىغىنىمىز قالمايۋاتسا، بۇ بالىنىڭ نېمە دېگىنى، جاندىن تويۇپ ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگىنى ئەمەسمۇ؟ ما خۇسەنگە ئەسكەر بولغانلار ئۇرۇشتا ئۆلىدۇ، جەسىدى چۆل - جەزىرىلەردە قېلىپ، قاغا - قوزغۇنلارغا يەم بولىدۇ، قايتىپ كەلگەنلەرمۇ مېيىپ بولۇپ كېلىشىدۇ» دېيىشتى. دادام بىلەن ئانام كېلىپ: «رەخىم ھاجى تارىبەگكە بىر كالا، 10 تۇياق قوي بېرىپ سېنى ئاران تەستە قۇتقازدى، سەن ئەسكەر بولىمەن دېگۈچى بولما، ھەممە ئادەم بۇ ئۆلۈم يولىدىن قېچىۋاتسا، سېنىڭ نېمە دېگىنىڭ بۇ» دەپ يىغلاپ كەتتى. مەن: «دادا - ئاپا يىغلىماڭلار، مەن پېشانەمگە پۈتۈلگىنىنى كۆرىمەن. رەخىم ھاجىنىڭ مېنى ئاجرىتىۋېلىشتىكى مەقسىدى مېنى ئۆمۈر بويى جاڭگالدىن چىقارماي مېلىنى باقتۇرۇش، ئۇ يەردە تۇرساممۇ ئۆلۈكۈمنى قاغا - قوزغۇنلار يەيدۇ، مېنى توسماڭلار، مەن ئەسكەر بولىمەن» دەپ چىڭ تۇردۇم. ئەھۋالنى كۆرۈپ تۇرغان بىر تۇڭگان ئەسكەر دادامنىڭ قولىدىن مېنى سىلكىپ ئېلىپ: «بىز مۇشۇنداق ئۆزى ئىختىيار قىلغان ئادەمنى ئالماي قاچقىنىنى ئالامتۇق، بۇ قاچقۇنلار ئەسكەر بولغاندىن كېيىنمۇ يەنە قاچىدۇ، ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئەسكەر بولغانلار ھەرگىزمۇ قاچمايدۇ، بىزگە دەل مۇشۇنداق ئادەملەر لازىم، بۇنداق ئادەملەرنى قويۇۋېتىشكە بولمايدۇ» دەپ مېنى ئۆيگە سولىدى. ئىككى كۈندىن كېيىن بىزنى خوتەنگە ئېلىپ ماڭدى، ئاتا - ئانا، ئۇرۇغ - تۇغقان، يارۇ - بۇرادەرلىرىمىز بىزنى يىغا - زارى ئىچىدە ئۇزىتىپ قويدى. بۇ دەل 1935-يىلى ئەتىياز پەسلى ئىدى.

2

بىزنى ئاۋۋال ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بىناسىغا سولاپ، ئەتىسى قىسىملارغا تەقسىم قىلدى. مېنى، شاۋۇي كەنتىدىن غوجىئەخمەت ئىسىم قىلدى. بۇ لىيەندە 15 ~ 20گىچە ئات بارئىكەن. مېنى ئات باقىدىغان ئىشقا قويدى. ئاتلارنىڭ ئىگەرلىرىنى كۈندە ئۆيگە سولاپ قۇلۇپ سېلىپ ساقلايتتىم، لىيەنجاڭنىڭ بۇيرۇقىسىز بىر تال ئىگەرنىمۇ ئېلىپ چىقىشقا بولمايتتى، بۇنىڭغا بەنجاڭنىڭ ھوقۇقىمۇ يەتمەيتتى. قوي بېقىشتىن قۇتۇلۇپ ئات بېقىشقا تۇتۇلدۇم. ما خۇسەننىڭ ئاتلىق قىسىملىرى ئاتلارنىڭ رەڭگى بويىچە بۆلۈنگەن بولۇپ، ئاق ئاتلىق، قارا ئاتلىق، تورۇق

ئاتلىق، بوز ئاتلىق (جەدەن تۇرۇق)، ئارىلاشما ئاتلىق دېگەندەك 5 خىلغا بۆلۈنگەنىكەن. مەن تورۇق ئاتلىق لىيەنگە تەقسىم قىلىندىم. ھېچقانداق تەلىم - تەربىيە كۆرمەي، ھەربىي مەشققە قاتناشماي، ئات بېقىش، ئىگەر - يۈگەنلەرنى تارقىتىش ۋە يىغىش، كېسەل ئاتلارنى داۋالىتىشقا ئوخشاش ئىشلار بىلەن ئالدىراش ئۆتەتتىم. لىيەنجاڭنىڭ ئىككى ئايغىر ئېتى بولۇپ، بۇ ئاتلارنى ئالاھىدە كۈتەتتۇق. ئۇلارغا غوجىئەخمەت ئاخۇن ئاياق مەسئۇل ئىدى. بىر كۈنى بۇ ئايغىرلار باغلاقتىن بوشىنىۋېلىپ بايتال قېشىغا كىرىپ قاپتۇ، بۇ يەردە ئىككى ئايغىر سوقۇشۇپ، چىشلىشىپ بىر - بىرىنى زېدە قىلىۋېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن لىيەنجاڭ «نېمىشقا ئۇلارنى بايتال بىلەن بىللە قويدۇڭ؟» دەپ غوجىئەخمەت ئاخۇن ئاياقنىڭ گەجگىسىگە مىلتىقنىڭ پايىنكى بىلەن بىرنى سالغانىدى، ئۇ يەرگە دۈم چۈشۈپ ئورنىدىن تۇرالمىدى، يۆلەپ تۇرغۇزغاندىن كېيىن گەپ قىلالمىدى. «نېمىشقا گەپ قىلمايسەن؟ تادانلىق قىلىۋاتامسەن، سېنى زۇۋانغا كەلتۈرىمەن» دەپ سۆرەپ ئاپىرىپ ئوچاقنىڭ ئوتىغا ئىككى پۇتىنى كۆمدى، پاچىقى ئوتتا كۆيۈپ تۇخۇم ئېتىلغاندەك «پاك، پاك» قىلىپ ئېتىلدى، ئۇ ئازاپقا چىدىيالماي ھۇشىدىن كەتتى، رەھىمسىز لىيەنجاڭ بىر پاي ئوق بىلەن ئۇنىڭ جېنىنى ئالدى. ئاندىن لىيەنجاڭ ماڭا: «كۆردۈڭمۇ، سەنمۇ بىخەستەلىك قىلساڭ مۇشۇنداق بولىسەن، ئۇنى ئېغىلنىڭ كەينىگە ئاپىرىپ كۆمۈۋەت، بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن، باشقىلارغا دەيدىغان بولساڭ كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرىسەن» دېدى. جەسەتنى ئېغىلنىڭ كەينىگە كۆمۈۋەتتىم. غوجىئەخمەت ئاخۇن بىلەن بىللە ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇپ، 7- 8 ئاي بىللە ئىشلەپ، بىر ئۆيدە يېتىپ، بىللە تاماق يەپ، ئاكا - ئۇكىلاردەك يېقىن بولۇپ كەتكەنىدۇق، شۇ چاغدا ئۇ تېخى 20 ياشقا كىرگەن قىران يىگىت ئىدى، ئات بېقىشتا بىلمىگەنلىرىنى مەندىن ئۆگىنەتتى. ئۇنىڭ ئېچىنىشلىق ئۆلۈمى كۆز ئالدىمدىن كەتمەي يۈرىكىمنى موجۇيتتى، گېلىمدىن نان ئۆتمەي، كۆزۈمدىن ياش قۇرۇمايتتى. مېنى تەسۋىرلىگۈسىز بىر خىل قورقۇنۇچ چىرمىۋېلىپ قاتتىق قىيناشقا باشلىدى. ئايغىرنىڭ بايتال بىلەن بىللە تۇرۇپ قېلىشى ئۈچۈن ئادەم ئۆلتۈرۈش كېتەمدۇ؟ بۇ قانخور مۇناپىقلار ئادەمنى ھايۋاندىنمۇ تۆۋەن كۆرىدىكەن، ناۋادا باشقا ئىش بولۇپ قالسا مەنمۇ ئاشۇنداق ئېچىنىشلىق ئۆلۈپ كەتكىدەكمەن، دەپ ئەسكەر بولىمەن دېگىنىمگە قاتتىق پۇشايمان قىلىشقا باشلىدىم.

بىر كۈنى بىزنىڭ لىيەندىكى مۇھەممەت ئاخۇن قوقاس دېگەن كىشى ماڭا: «ما خۇسەن دېگەن ھۆكۈمەت ئەمەس، بۇلاڭچى - جاللات، قاغىلىقتىن تارتىپ چەرچەنگىچە خەلقنى قىرغىن قىلىپ، بۇلاڭچىلىق قىلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئادەتتىكى بىر ئەسكىرىمۇ ئادەم ئۆلتۈرسە سورىغى بولمايدۇ. ما خۇسەنلەر ئاياللارغا باسقۇنچىلىق قىلىپ، ئەرلەرنى ئەسكەرلىككە تۇتۇپ، ھېسابسىز ئالۋاڭ - ياساق سېلىپ، خەلقنى ياشاش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قىلدى. نۇرغۇن بىگۇناھ پۇقرانى ئۆلتۈرۈپ قان - قەرزگە بوغۇلدى، بۇنداق ئەبلەخلەرگە ئىشلىگىچە قېچىپ كېتەيلى» دېدى. «قانداق قاچىمىز؟» دېسەم، ئۇ: «ماڭا پۇستتا تۇرۇش نۆۋىتى كەلگەندە ساڭا خەۋەر قىلىمەن، تەييار بولۇپ تۇر» دېدى. شۇندىن كېيىن قېچىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلدىم. ئۇنىڭغا پوست نۆۋىتى كەلگەن كۈنى ماڭا خەۋەر بەردى. مەندە قورال يوق ئىدى، تەييارلاپ قويغان ناننى ئالدىم، ئۇ مىلتىقى

uyghurkitap.com

بىلەن ئوقدانلى ئېرىق لېۋىگە تاشلىدى، ئىككىمىز ئۇدۇللا لوپنىڭ شىمالىدىكى ھاڭگەر يېزىسى تەرەپكە قېچىپ، تاڭ ئاتقىچە ھاڭگەرنىڭ ئايىغىدىكى تەكلىماكان قۇملۇقىغا كىرىپ كېتىپ يېرىم كۈندەك ماڭدۇق. سۇ يېتەرلىك بولسا قۇملۇقنىڭ ئىچى بىلەنمۇ تەۋەككۇلگە بارغىلى بولاتتى، لېكىن بىزدە سۇ يوق ئىدى، بىزنى ئۇسسۇزلۇق قىيناشقا باشلىدى. بىز يۇرۇڭقاش دەرياسىنى نىشانلاپ غەرپكە مېڭىپ شۇ كۈنى كەچتە دەرياغا يېتىپ باردۇق. بۇ يەردە ئۇسسۇزلۇقىمىزنى قاندۇرۇپ، قورسىقىمىزنى توقلاپ جىغانلىق ئىچىدە ئارام ئالدۇق. ھېرىپ كەتكەچكە ئۇزۇن ئۇخلاپ كېتىپتۇق، ئويغىنىپ قارىساق بۇ جاي ئوتتۇرا لەڭگەر دېگەن يەر ئىكەن، بۇ يەر لوپ بىلەن تەۋەككۇلنىڭ ئوتتۇرىسى ئىدى. دەريانى بويلاپ شىمال تەرەپكە يەنى تەۋەككۇلگە قاراپ ماڭدۇق. تولغانجى دېگەن يەرگە كەلگەندە ئۇشتۇمتۇت تەۋەككۇل تەرەپتىن چىققان بىر ئاتلىق تۇڭگان ئەسكەرگە ئۇچراپ قىلدۇق. ئۇ تۇڭگان ئەسكەر بىزگە قورالىنى تەڭلەپ: «سەنلەر قېچىپ كەلگەن قاچقۇنچى، كەينىڭگە يېنىش» دەپ، بىزنى ئاتنىڭ ئالدىغا سېلىپ كەينىمىزگە ياندۇرۇپ ئېلىپ ماڭدى. 2 ـ 3 سائەت ماڭغاندىن كېيىن يەنە بىز قونغان ئوتتۇرا لەڭگەرگە كەلدۇق. ئۇ ئەسكەرنىڭ سىيگۈسى كەلگەنىكەن، ئاتتىن چۈشۈپ ئېتىنى بىزگە تۇتقۇزۇپ قويۇپ، مىلتىقىنى دولىسىغا ئارتىپ ئۆرە تۇرۇپ سىيگىلى تۇردى. مەمەت ئاخۇن كۆپ ئىشلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن تەجرىبىلىك، ئېگىز بوي، قاۋۇل ئادەم ئىدى. ئۇ ماڭا كۆز ئىشارىتى قىلىپ قويۇپ تۇڭگان ئەسكەرنىڭ ئارقىسىدىن كېلىپ قوچاقلاپلا كۆتۈرۈۋالدى. ئەسكەرنىڭ پۇتى يەرگە تەگمەي پولاڭلايتتى. مەمەت ئاخۇن ماڭا: «ئاتنىڭ ئارغامچىسىنى ئەكەل» دېدى، مەن ئاتنىڭ ئارغامچىسىنى ئېلىپ كېلىپ ئەسكەرنىڭ قولىنى مىلتىقى بىلەن قوشۇپ يۆگەپ باغلىۋەتتىم، ئاندىن قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ باغلاپ يەرگە ياتقۇزۇپ قويدۇق. مەن: «بۇ ئەبلەخنى ئۆلتۈرۈپ ئۆلگەن سەبداشلىرىمىزنىڭ ئىنتىقامىنى ئالايلى» دېسەم، مەمەت ئاخۇن: «ياق، بىز ئۇلارنى دوراپ ئادەم ئۆلتۈرسەك بولمايدۇ، بۇنى مۇشۇنداق تاشلاپ قويايلى، ماڭالىغاندىكىن ئۆلۈپ قالمايدۇ، ئادەم بار جايغا بارغىچە بۇمۇ ئازاپنىڭ تەمىنى تېتىپ باقسۇن» دەپ ئۇنى ئۆلتۈرگىلى قويمىدى. شۇنىڭ بىلەن مىلتىقنىڭ ئوقىنى ئېلىۋېتىپ يەنە قاچتۇق. ئەسلى بۇ ئەسكەر بىزنىڭ قاچقانلىقىمىزنى تارىبەگكە يەتكۈزۈپ، ئۇنىڭغا بىزنى دەرھال تۇتۇپ چىقارتىپ بېرىش توغرىسىدا خەۋەر يەتكۈزۈپ قايتقان ئىكەن. ئىككىمىز تەڭ كېچىدە چىتەن ئېغىل دېگەن يەردە ئايرىلدۇق. بىزنىڭ قاچقانلىقىمىزدىن خەۋەر تاپقان قانخور زالىم تارىبەگ ئۆيىمىزنىڭ ئەتراپىغا يوشۇرۇنچە دورغىلارنى ئورۇنلاشتۇرغانىكەن، مەن ئۆيىنىڭ بوسۇغىسىغا پۇتۇمنى ئېلىپ تۇرۇشۇمغا، 4 دورغا مېنى باغلاپ پۇت-قولۇمنى يەرگە تەككۈزمەي تارىبەگنىڭ يېنىغا ئاپاردى. تارىبەگ: «قانداق نوچى، ئارزۇ قىلىپ كەتكەن يەردىن نېمە دەپ قېچىپ كەلدىڭ؟ سېنى ئارزۇيۇڭ بويىچە يولغا سالغانتۇققۇ، ئاسمانغا چىقىپ كەتسەڭ پۇتۇڭدىن، يەرگە كىرىپ كەتسەڭ كۇكۇلاڭدىن تارتىپ چىقالايمىز، جاھاننىڭ ھەممىسى ما خۇسەننىڭ، نەگىلا بارساڭ تۇتۇلىسەن، ئەمدى ما خۇسەننىڭ قولىدا ئۆلمەكتىن باشقا ئامالىڭ يوق. باشقا يۇرتقا قېچىپ كەتكەن بولساڭ، ئورنىڭغا ئاكاڭنى تۇتۇپ بېرەتتۇق» دەپ، مۇشۇ يەردە ئالۋاڭ ـ سېلىقتا مەسئۇل بولۇپ، ئالۋاڭ يىغدۇرۇۋاتقان فېڭ كانىۋاينى

www.uyghurkitap.com

چاقىرىپ: «بۇ قاچقۇننى هايال قىلماي، هېچنەدە توختاتماي، ئۇدۇل خوتەنگە ئاپىرىپ بېرىڭلار» دەپ ئىككى قولۇمنى باغلاپ ئاتقا سۆرىتىپ يولغا سالدى. كەنت ئىچىدە «ئەسكەرلىكتىن قاچقانىنىڭ سازايى» دەپ توۋلاپ ماڭدىم. ئاتا ـ ئانام بىلەن كۆرۈشكىلى پۇرسەتمۇ بولمىدى، هەتتا بىرەر ئېغىز ئەهۋالمۇ سورىيالمىدىم. ئۇلار ئارقامدىن: «رازى بولغىن بالام، رازى بول» دەپ زار ـ زار يىغلاپ خېلى بىر يەرگىچە ئۇزىتىپ كەلدى. مەن ئاتىنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ، «ئەسكەرلىكتىن قاچقانىنىڭ سازايى شۇ» دەپ توۋلايتتىم، كۆزلىرىمدىن ياش ئېقىپ، يۈرىكىم مۇجۇلۇپ، ئەسكەر بولغانغا مىڭ پۇشمان قىلدىم. شۇ تەرىقىدە مېڭىپ كەنتتىن ئايرىلىپ چۆلگە چىقتۇق. مەن يىغلاپ فىلاڭ كانىۋاينىڭ پۇتىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ: «مېنى لوپقا ئاپىرىپ بەرمىسىڭىز، ئۇلار مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. بىر سەبدىشىمنى ئاتتىن ئوبدان خەۋەر ئالماپسەن دەپ كۆز ئالدىمدىلا ئېچىنىشلىق هالدا ئۆلتۈرىۋەتتى، شۇڭا قورقۇپ كېتىپ قاچقانىدىم، مېنىڭ ياش جېنىمغا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن، مېنى قويۇۋېتىڭ، سىزدىن بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەي» دەپ يالۋۇردۇم. بۇ تۇڭگان ئەسكەر «مەن قاراشەھەردىن، ما خۇسەن كورلىنى بېسىۋالغان چاغدا مېنى مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە تۇتقان، خوتەنگە كەلگىچە نۇرغۇن ئۇرۇشقا قاتناشتىم، ئىككى قېتىم ئوق تېگىپ يارىلىنىپ ئۆلمەي قالدىم. مەن بىلەن بىللە ئەسكەرلىككە تۇتۇلغانلارنىڭ نەچچىسى ئۇرۇشلاردا ئۆلۈپ، جەسىدى قاغا ـ قوزغۇنلارغا يەم بولدى. مەن هازىرغىچە هايات يۈرىۋاتىمەن، مېنىڭمۇ ئاتا ـ ئانام بار، ئۇلار بىلەن ئاالاقىلاشمىغىلى بىر يىلدىن ئاشتى، ئۇلار مېنى ئۆلۈپ كەتتى، دەپ ئويلايدىغاندۇ.

سېنى قويۇپ بەرسەم مەن بالاغا قالىمەن، سېنى لوپقا ئاپارماي خوتەنگە ئاپىرىپ ئۆتكۈزۈپ بېرەي» دەپ، خوتەنگە ئاپىرىپ سېپىل ئىچىدىكى ما خۇسەنگە تاپشۇرۇپ بەردى. ما خۇسەننىڭ قوماندانلىق ئورنى سېپىل ئىچىدە ئىكەن، ما خۇسەن بىر پۇشتەك بىلەن سېپىل ئىچىدىكى بارلىق ئەسكەرلەرنى يىغدى. ئالاھەزەل 2000دەك ئەسكەر بولسا كېرەك. مېنى قولۇم باغلاغلىق پېتى سەپنىڭ ئالدىغا ئېلىپ چىقتى. مۇشۇ يەردە ئۆلتۈرىدىغان بولدى دەپ ئويلاپ هوشۇمنى يوقاتتىم. «قولىنى يېشىۋەت» دېگەن بۇيرۇق بىلەن بىر ئەسكەر قولۇمنى يېشىۋەتتى. نەچچە كۈن باغلاقتا تۇرۇپ قان ئۇيۇشۇپ كەتكەن قولۇمنى هەرىكەتلەندۈرەلمەي قالدىم. ما خۇسەن ماڭا «ئاۋۇ ئۆيدىكى ئادەمنى ئېلىپ چىق» دەپ بىر ئۆينى كۆرسەتتى. ئۆيگە كىرسەم تەۋەككۇلنىڭ هوك دېگەن يېرىدىن ياسىن ئاخۇن جىگدەك دېگەن ئادەم قولى باغلاقلىق يېتىپتۇ. ئۇ ئۇچ نۆۋەت قاچقان بولسىمۇ ئۇچىلى قېتىم تارىبەگ تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ ما خۇسەنگە تاپشۇرۇپ بېرىلگەنىكەن. ئۇنى مەيدانغا ئېلىپ چىقتىم. ما خۇسەن: «قاچقانلارنىڭ ئاقىۋىتى مۇشۇنداق بولىدۇ، كىمكى ئەسكەرلىكتىن قاچىدىكەن مۇشۇنداق كۈن ئۇنىڭ بېشىغىمۇ كېلىدۇ، چېپىڭلار!» دەپ بۇيرۇق قىلدى. بىر جاللات ياسىن ئاخۇننى يۈكۈندۈرۈپ ئولتۇرغۇزۇپ، يان تەرەپتە تۇرۇپ، قىلىچ بىلەن گەدىنىگە بىرنى چېپىپلا بويىنىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. كاللىسى بىر تەرەپكە، تېنى بىر تەرەپكە چۈشتى، تېنى خېلى ئۇزۇنغىچە مىدىرلاپ ئاندىن جېنى چىقتى، كاللىسى تېنىدىن ئۈزۈلگەندىن كېيىن، كۆزى ئوچۇق قالدى. ما خۇسەننىڭ ئەسكەرلىرى ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ چىقىپ، سېپىلنىڭ دەرۋازىسى ئۈستىگە

قۇلىقىدىن مىقلاپ ئېسىپ قويدى.

ما خۇسەن ماڭا «پاخا» دېدى، بۇ «يات» دېگەن گەپ ئىكەن. مەن قورقىنىمدىن ئۇنىڭ گېپىنى ئۇقالماي تېڭىرقاپ قالدىم. ئىككى ئەسكەر كېلىپ مېنى يەرگە دۈم يىقىتىپ، بىرى بېشىمغا يەنە بىرى پۇتۇمغا مىنىپ ئولتۇردى. ئاندىن بىر ئەسكەر كاسامغا كالتەك بىلەن ئۇرغىلى تۇردى. دەسلەپتە «ۋايجان، ئەمدى قاچمايمەن» دەپ كۆچۈمنىڭ بارىچە ۋارقىرىدىم، كېيىن ھوشۇمنى يوقىتىپ تولۋلاشتىنىمۇ قالدىم. قانچىلىك ئۇرغانلىقىنىمۇ بىلمىدىم، ئېسىمگە كەلسەم سولاقخانىدىكى بىر ئۆيدە پاخال ئۈستىدە يېتىپتىمەن. مېنى دۈم ياتقۇزۇپ خامنى ھۆل قىلىپ كاسامغا يېپىپ، ئۈستىگە ئىككى تال خىش قويۇپ قويۇپتۇ. مۇشۇنداق قىلغاندا تاياقنىڭ زەردىسىنى تارتىپ زىدە بولغان گۆش سېسىپ كەتمەي تېز ساقىيارمىش.

3

بىر قانچە كۈن سولاقتا ياتقاندىن كېيىن مېنى ما تۇەنجاڭ قىسمىغا بەردى. ئۇ ئاتلىق قىسىم بولۇپ سېپىل ئىچىدە تۇرىدىكەن، ئۇلار ئات كۆندۈرۈش، يېڭى ئەسكەرلەرنى مەشىق قىلدۇرۇپ تەربىيىلەش، قوماندانلىق شتابىنى قوغداش، ئۇشتۇمتۇت ۋەقەلەرگە تاقابىل تۇرۇش ۋە بىر تەرەپ قىلىش ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىكەن. ماڭا بىر ئات بېرىپ مەشىق مەيدانىدا ئات مەشىقى قىلىشقا سالدى. مەن ئات ئۈستىدە تۇرسۇن ھەتتا ئېشەككىمۇ مىنىپ باقمىغان بىر قويچى تۇرسام، قانداقمۇ ئات مىنىپ ئۇنى باشقۇرالاي. ئاتقا مىنىمەنلا يىقىلىمەن، يەنە مىنىمەن يەنە يىقىلىمەن. ھەر قېتىم يىقىلغاندا لىيەنجاڭ كېلىپ قامچىسى بىلەن مېنى ئۇرۇپ كېتەتتى. باشقىلار ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋېتىپ قارىغا ئېتىش، چۆۋق چېپىش، ئات ئۈستىدە پۇتنى ئۈستۈن، بېشىنى تۆۋەن قىلىپ تىك تۇرۇش، يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان ئاتنىڭ قورسىقىغا چۈشۈپ قارىغا ئېتىش، يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان ئاتقا سەكرەپ چىقىپ مىنىش، يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان ئاتنى ياتقۇزۇپ ئاتنى دالدا قىلىپ قارىغا ئېتىشقا ئوخشاش ھەرىكەتلەرنى قىلالايتتى. مەشق مەيدانىدىن قايتىپ كېلىپ كېچىچە ئۇخلىيالمىدىم. بىر تەرەپتىن ئاتتىن يىقىلغان يەرلەر بىلەن يېگەن قامچىنىڭ ئورنى ئاغرىيتتى، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ قانخورلارنىڭ قامچىسى ئاستىدا زەخىملىنىپ ئۆلۈپ كېتەرمەنمۇ؟ باشقىلار قىلالىغاننى مەن قىلالماسمەنمۇ؟ دېگەنلەرنى خىيال قىلاتتىم، ئاخىرىدا قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ئۆگىنىش قارارىغا كەلدىم. ئەتىسىدىن باشلاپ قاتتىق مەشىق قىلدىم. ھەرقانداق جاپا- مۇشەققەتكە بەرداشلىق بەردىم. شۇنىڭ بىلەن بارا - بارا ئات مىنىش تېخنىكام ئۆسۈپ ھەر خىل مەشىقلەرنى ئوبدان قىلىشقا باشلىدىم. شۇنىڭ بىلەن قامچىدىنمۇ قۇتۇلدۇم. ئات ئۈستىدە قارىغا ئېتىشتا ئۇستا مەرگەن بولۇپ ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈندۈم. نىشاننى كۆز بىلەن قارىغا ئالماي قولۇمنىڭ دىيىمى بويىچە نىشانلاپ ئاتسام ئوقۇم دەل تېگىدىغان بولدى. بۇنى كۆرگەن پەيجاڭ، لىيەنجاڭلار مېنى ماختاشقا باشلىدى. بىر كۈنى قىسىم بويىچە ھەرقايسى دۈي، تۈەن، لىيەنلەردىن ئۇستا مەرگەنلەرنى يىغىپ مۇسابىقە ئۆتكۈزمەكچى بولدى. مەنمۇ شۇ مۇسابىقىگە قاتنىشىدىغان بولدۇم. مۇسابىقە مەيدانىغا قاتىرىسىغا ئادەم بويى ئېگىزلىكتە قوزۇق قېقىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇ تولدۇرۇلغان چىنە قويۇپ نىشان قىلىندى. قىسىملاردىن خەنزۇ، تۇڭگان، ئۇيغۇر، موڭغۇل قاتارلىق مىللەتلەردىن تاۋلانغان 200دەك مەرگەن قاتناشتى. ھەر بىرىمىزگە 5 پايدىن ئوق

uyghurkitap.com

بېرىلدى. نىشانغا 5 پاي ئوقنىڭ ھەممىنى تەككۈزگىنى بىرىنچى، 4نى تەككۈزگىنى ئىككىنچى، 3نى تەككۈزگىنى ئۈچىنچى، 2نى تەككۈزگىنى تۆتىنچى، بىرنى تەككۈزگىنى بەشىنچى بولاتتى. مۇسابىقىگە ما خۇسەن باشلىق يۇقىرى دەرىجىلىك باشلىقلارنىڭ ھەممىسى كەلدى. مۇسابىقىدە ئوقنى نىشانغا تەككۈزۈشتىن باشقا يەنە چاپتۇرۇپ كېتىۋاتقان ئاتنىڭ تېزلىكى، كەتكەن ۋاقىت، ئوق ئېتىلىپ بولغاندىن كېيىن زاتورنى تارتىپ مېشەكنى چىقىرىۋېتىپ قايتا ئوق قاچىلاش قاتارلىقلارمۇ ھېسابلىناتتى. مۇسابىقىنىڭ شەرتى چىڭ بولسىمۇ پىشانەم ئوڭدىن كېلىپ، 5 پاي ئوقنىڭ ھەممىنى نىشانغا دەل تەككۈزۈپ بىرىنچىلىككە ئېرىشتىم. ما خۇسەن كۆپچىلىك ئالدىدا مېنى ئۆز قولى بىلەن مۇكاپاتلاپ ئەھۋالىمنى سورۇشتۇردى. ئۆز قىزغىنلىقىم بىلەن ئەسكەر بولۇشنى تەلەپ قىلىپ چىققانلىقىمنى ئۇقۇپ، مېنى شۇ كۈندىن باشلاپ ئۆزىنىڭ مۇھاپىزەتچىلەر تۈەنىگە يۆتكەپ كەتتى. بۇ تۈەن سىپىل ئىچىدە بولۇپ، ما خۇسەننىڭ قوماندانلىق شتابىنى قوغدايدىكەن. مۇھاپىزەتچىلەر بىلەن تۈەندىكى ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى تۇڭگان ۋە خەنزۇ ئىكەن. مېنى سىپىل ئۈستىدىكى بىر پوتەيدە پىلىموتنى تۇتقۇزۇپ قاراۋۇللۇققا قويدى.

ما خۇسەننىڭ ھەربىي ئىنتىزامى بەك قاتتىق ئىدى، ئەسكەرلەر ئازراق خاتالىق ئۆتكۈزسە ھەرگىز يۈز خاتىرە قىلماي ئۇرۇش، باغلاپ قويۇش، باغلاپ ئېسىش، ئاپتاپقا قاقلاش، يالىڭاچلاپ مۇزدا ياتقۇزۇش، سۇ - تاماق بەرمەي قىيناش، ئىككى پۇتىنىڭ شىرىقىغا كالتەك قويۇپ ئىككى بېشىنى دەسسەپ تۇرۇپ ئارقىغا قايرىش، قولىغا خىش ئېلىپ كۆتەرتىپ قويۇش، قاچقاننى ئۆلتۈرۈشتەك ھەر خىل جازالاش ئۇسۇللىرى بار ئىدى. بۇنىڭغا چىدىمىغان بىر قىسىم ئەسكەرلەر قاچاتتى. قاچقان ئەسكەرلەرنى يەرلىك بەگلەر تۇتۇپ بېرەتتى. قاچقان ئەسكەرلەردىن قېچىپ قۇتۇلىدىغىنى ناھايىتى ئاز ئىدى. تۇتۇلغانلىرى جېنىدىن ئايرىلاتتى ياكى مېيىپ بولۇپ قالاتتى. مەھەللىلەرنىڭ دوقمۇش - دوقمۇشلىرىدا، يول ئېغىزلىرىدا چارلاش پونكىتلىرى قۇرۇلغان بولۇپ، كېچە-كۈندۈز چارلايتتى، شۇڭا قاچقانلار تۇتۇلماي قالمايتتى. بىر كۈنى بىر توپ ئەسكەر قاراڭغۇتاغ ئارقىلىق قۇرۇمتاغدىن ئاتلاپ ھىندىستانغا ئۆتۈپ كېتىش ئۈچۈن لاڭرۇ تاغلىق رايونىغا قېچىپتۇ. ما تۈەنجاڭنىڭ قوماندانلىقىدا 90 نەچچە ئۇستا مەرگەن ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ چىقتۇق. پوپنا بىلەن مىتىز ئارىلىقىدا تەۋەككۇلنىڭ ھوك دېگەن يېرىدىكى قاسىم ھاجى دېگەننىڭ ئوغلى ئەيسا ئاخۇن مال بېقىۋاتقانىكەن، ئۇنىڭ بىر يارام قارا قېچىرى بار ئىكەن، ما تۈەنجاڭ قېچىرنى كۆرۈپ: «قېچىرىڭنى ماڭا بەر» دەپ تالاشتى. ئەيسا ئاخۇن: «مەن ئېغىلدىن - ئېغىلغا كۆچۈپ يۈرۈپ مال باقىمەن، نەرسە-كېرەكلىرىمنى مۇشۇ قېچىرغا ئارتىپ يۆتكىمىسەم بولمايدۇ. قېچىرنى تالاشماڭ، بۇنىڭدىن باشقا نەرسە دېسىڭىز بېرەي» دەپ قېچىرنىڭ بويىنىنى قۇچاقلاپ بەرگىلى ئۇنىمىدى. ما تۈەنجاڭ تاپانچىسىنى چىقىرىپ ئىككى پاي ئوق بىلەن بالىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋېتىپ قېچىرنى ئېلىۋالدى. قاچقۇنلارنى قوغلاپ مىتىز دېگەن يەرگە كەلگەندە ئۇلار قارشىلىق كۆرسىتىپ بىزگە ئوق چىقاردى. بىزنىڭ 25تەك ئادىمىمىز ئۇدۇلدىن ئۇلارغا ئوق ئېتىپ تۇردى، قالغانلار يانداپ ئارقىغا ئۆتۈپ ئۇلارنى قورشاپ تىرىك تۇتتۇق. ئۇلار 10 تۇڭگان، 6 خەنزۇ، 20 ئۇيغۇر ئىكەن، قاچقانلاردىن بىر ئۇيغۇرنىڭ

يول باشلىشى بىلەن 3 تۇڭگان، 2 خەنزۇ باشقا يول ئارقىلىق قېچىپتۇ. تۇتۇلغان 30 ئادەمنى قورالسىزلاندۇرۇپ، ئاتنىڭ ئالدىغا سېلىپ ئېلىپ كەلدۇق. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ما تۇەنجاڭنىڭ ئىنىسى ما جىڭسەيمۇ بار ئىكەن. بۇ 30 ئادەم راۋاققا ئېلىپ چىقىلىپ قاتار ئولتۇرغۇزۇلدى - دە، بىر پۇشتەك بىلەن تەڭ چىپىپ ئۆلتۈرۈلدى. ئۇلارنىڭ كاللىسى راۋاقتىن شەھەرگە كىرگىچە بولغان بىر كىلومېتىر ئارىلىقتىكى دەرەخ، تام، دەرۋازىلارغا مىقلاپ ئېسىپ قويۇلدى. خەتەن شەھەر ئىچىدە نەگىلا قارىسا ئادەم كاللىسى ئېسىلغان بولۇپ، شەھەرنى قورقۇنۇچ، ۋەھىمە قاپلىدى، پۇقرالار ئۆيلىرىدىن سىرتقا چىقالمىدى.

1937 - يىلى يازدا ما خۇسەن بىر تەرەپتىن جىددىي ئۇرۇش تەييارلىقى قىلىپ، پۇقرالاردىن 15 ياشتىن 50 ياشقىچە بولغان ئەرلەرنى ئەسكەرلىككە ئېلىپ كۈچ توپلىدى، يەنە بىر تەرەپتىن پۇلى بارلىكى ئادەمنى تۇتۇپ قىيناپ، ئالتۇن - كۈمۈش، ئۈنچە - مەرۋايىتلىرىنى بۇلىدى. ئالتۇن - كۈمۈش بۇيۇملارغا ئالۋاڭ قويۇپ بەگلەر ئارقىلىق يىغدۇرۇپ بايلىق توپلىدى. خوتەنگە توپلىغان ئۇيغۇر پىيادە ئەسكەرلەرنى تۇركۇم - تۇركۇمگە بۆلۈپ قەشقەرگە ماڭدۇردى. ئارقىدىن لوپ، قاراقاش، خوتەندە تۇرۇشلۇق ئاق، قارا، بوز، جەدە ئاتلىق ئەسكەرلەرنى ماڭدۇردى. ئارقىدىن ما خۇسەن ئۆزىمۇ قوماندانلىق شتابىنى يۆتكەپ شىڭ شىسەي بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن قەشقەرگە يۈرۈپ كەتتى. قالدۇق ئەسكەرلەرنى رەتكە سېلىپ، خوتەن شەھەر ئىچىدىكى مۇداپىئەسىنى بوشىتىپ، ئارىلاشما ئاتلىقلارنى قاراقاشقا يۆتكەپ، قاراقاشنىڭ مۇداپىئەسىنى كۈچەيتتى. مەنمۇ جى تۇەنجاڭنىڭ

قوماندانلىقىدا قاراقاشقا باردىم. بىز قاراقاش ماكوي ئۆستەڭ ئاستىدا گوڭ بەگ دېگەن ئادەمنىڭ ھويلىسىغا ئورۇنلاشتۇق. بۇ ئادەمنىڭ ھويلىسى كەڭرى بولۇپ، ئېغىللىرى بار ئىكەن، بۇ يەردە بىر ئايدەك تۇردۇق. ئەسكەرلەر ئىچىدە قىمار ئويناش، نەشە چېكىش، باسقۇنچىلىق، بۇلاڭچىلىق ھەرىكەتلىرى بارغانچە كۆپەيدى. بولۇپمۇ بەنجاڭلار ئەسكەر باشلاپ چىقىپ، پۇلى بارلارنى كوللېكتىپ بۇلاپ، قارشىلىق كۆرسەتكەنلەرنى ئۆلتۈرۈپ، ئىزىنى يوقاتتى. قاراقاش ئەسكى پەيشەنبىدە تۇرسۇننىياز دېگەن بىر موزدۇز بار ئىكەن، ئۇنىڭ موزدوزلۇق كارخانىسىدا 10 ~ 15 ئادەم ياللىنىپ ئىشلەيدىكەن. بەنجاڭ بۇ موزدوزنىڭ ئىككى بالىسىنى تۇتۇپ سولىۋالدى. موزدوز بالىلىرىنى ئىزدەپ كەلگەندە «مىڭ سەر تەڭگە ئېلىپ كەلسەڭ بالىلىرىڭنى قويۇپ بېرىمىز» دېدى. موزدوز ئەتىسى مىڭ سەر تەڭگىنى تەييارلاپ ئېلىپ كەلدى. بەنجاڭ موزدوزنى بالىلىرىغا كۆرسەتمەي باشقا ئۆيگە سولاپ قويۇپ، ئىككى بالىسىنى قويۇپ بەردى، كېچىدە موزدوزنى ئۆلتۈرۈپ ئېغىلنىڭ ئىچىگە كۆمۈۋەتتى. ئەتىسى ئىككى ئوغلى دادىسىنى ئىزدەپ كەلگەندە «داداڭ شۇ ۋاقىتتا كەتكەن» دەپ ئۇلارنى يولغا سالدى.

4

1937 - يىل 8 - ئاينىڭ ئاخىرى 9 - ئاينىڭ باشلىرى قەشقەرگە كەتكەن ما خۇسەندىن «خوتەندىكى بارلىق كۈچنى توپلاپ، تېزلىكتە چەرچەنگە بېرىپ، شىڭ شىسەينىڭ ئەسكەرلىرىگە توسۇپ زەربە بېرىش كېرەك» دەپ بۇيرۇق كەلدى. قاراقاش، خوتەن، لوپتىكى 580دىن ئارتۇق ئاتلىق ئەسكەر جى تۇەنجاڭنىڭ قوماندانلىقىدا چەرچەنگە قاراپ يولغا چىقتۇق. كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ 4

www.uyghurkitap.com

كۈندە نىيە بىلەن چەرچەن ئارىلىقىدىكى سەكسەنئالتەقۇم دېگەن يەرگە يېتىپ كەلدۇق. شياڭ شىسەينىڭ ئەسكەرلىرى بىزدىن بۇرۇن چەرچەننى بېسىۋېلىپ خوتەن تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقانىكەن. بىز شۇ يەردە مۇداپىئەگە ئۆتۈپ ئۇرۇشقا تەييارلاندۇق. ئۇرۇش باشلىنىپ 15 مىنۇت ئۆتمەيلا بىزنىڭ 8دەك ئادىمىمىزگە ئوق تېگىپ ئۆلدى، خېلى كۆپ ئادەم يارىلاندى. مەن بىلەن بىر جايدا تۇرۇپ ئۇرۇش قىلىۋاتقان تەۋەككۈلنىڭ قاقشالدىن كەلگەن رېھىم ئاخۇن خامۇشنىڭ بېشىغا ئوق تېگىپ شۇ يەردە ئۆلدى. بىزگە ئېتىشىپ تۇرۇپ چېكىنىش بۇيرۇقى بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىز ئېتىشىپ تۇرۇپ چېكىنىشكە باشلىدۇق. مەن ئېتىمغا مىنىپ مېڭىشىمغا تۇيۇقسىز ئات يىقىلىپ دۈم چۈشتى. مەنمۇ بىللە يىقىلدىم. تىزىمنىڭ ئاستىغا بىر پاي ئوق تېگىپ، مۇسكۇلنى تېشىپ ئۆتۈپ ئاتنىڭ يۈرىكىگە تېگىپتۇ. تەلىيىمگە سۆڭەك ساق ئىدى، دەرھال پۇتۇمنى تاڭدىمدە ئۆلگەنلەرنىڭ ئېتىنى مىنىپ قىسىم بىلەن چېكىندىم.

ئاۋۋال ئۇيغۇر ئەسكەرلەر چېكىندۈرۈلدى، ئارقىدىن تۇڭگان، خەنزۇ ئەسكەرلەر چېكىندى. نىيىگە كەلگەندە جى تۈەنجاڭ ئۇيغۇر ئەسكەرلەرنى ئالدىدا ماڭدۇرۇپ، خەنزۇ، تۇڭگان ئەسكەرلەرنى ئاخىرىدا ئېلىپ قالدى. ئالدىدا يول چارلاپ مېڭىش، شياڭ شىسەينىڭ ئەسكەرلىرى خوتەنگە كەلگەن بولسا دەرھال خەۋەر قىلىش ئۈچۈن بىر بەن ئەسكەر ئالدىدا ماڭدۇرۇلدى، مەنمۇ شۇلارنىڭ قاتارىدا ئىدىم. قىسىم بىلەن 4 ـ 5 كىلومېتىر ئارىلىق تاشلاپ ماڭدۇق. كېرىيەنىڭ ئويتوغراق، تۇگمەنبېشى دېگەن يېرىدە بىر يۈز بېشىنىڭ باشلامچىلىقىدا 50 ~ 60تەك ئادەم قوللىرىغا ئارا، كەتمەن، پالتا، تاياق ـ توقماق ئېلىشىپ: «سەنلەر ئۇرۇشتىن قاچقان ئەسكەرلەر، سەنلەرنى تۇتۇپ ما خۇسەنگە تاپشۇرۇپ بېرىمىز» دەپ ئالدىمىزنى توستى. «بىز قاچمىدۇق، قىسىم بويىچە چېكىنىپ كەلدۇق، باشقىلار ئارقىمىزدىن كېلىۋاتىدۇ» دېسەكمۇ ئۇلار بىزگە ئىشەنمىدى. «سەنلەر قاچمىغان بولساڭ قىسىم بىلەن بىللە كەلمەي 8 ـ 10 ئادەم ئايرىلىپ كېلىشەمتىڭ» دەپ يۈز بېشى كەتمىنىنى كۆتۈرۈپ بىزگە قاراپ كەلدى. ئەسكەرلەردىن ئەمەر تۆمۈر بىر پاي ئوق بىلەن يۈزبېشىنى يەرگە يىقىتتى. شۇنىڭ بىلەن باشقىلار قورقۇپ قېچىپ كېتىشتى.

كېرىيە دەرياسى بويىغا كەلسەك بىر توپ ئادەم يولنى توسۇپ تۇرۇپتۇ، بىز يىراقتىنلا ئوق چىقىرىپ، ئاتلىرىمىزنى چاپتۇرۇپ كېلىۋىدۇق، ئۇلارمۇ قېچىپ كەتتى، بىز ئات چاپتۇرۇپ، ئوق چىقىرىپ ماڭغانچە كېرىيە بازىرىغا كىردۇق. بازاردا بىرمۇ ئادەم يوق ئىدى. قاسساپلار كاناردىكى گۆشىنى، ناۋايلار پەشتاقتىكى نانلىرىنى، سودىگەرلەر دۇكانلىرىدىكى ماللىرىنى تاشلاپلا قېچىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ يەردىن ھېچ قانداق توسالغۇغا ئۇچرىمايلا ئۆتۈپ كەتتۇق. كېرىيىدىن چىقىپ بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن ئېتىم ھېرىپ قېلىپ ماڭغىلى ئۇنىمىدى. پىيادە مېڭىشنىڭ ئورنى يوق ئىدى. يېقىن ئەتراپتىن ئات سۈرۈشتۈرۈپ بىر بوجاڭنىڭ ئېتى بارلىقىنى ئۇقتۇم، ئۇنىڭغا: «ئېتىڭىزنى مېنىڭ ئېتىمغا تېگىشىپ بېرىڭ» دېسەم، ئۇ: «بۇ ئات ما خۇسەننىڭ ئىكەن، ماڭا ئۇنىڭ لازىمى يوق، لازىم بولسا ئەينە ئات» دەپ ئېتىنى تاشلاپ قېچىپ كەتتى. مەن مىنگەن ئېتىمنى بوجاڭنىڭ ھويلىسىغا قويۇپ قويۇپ ئۇنىڭ ئېتىنى مىنىۋالدىم. بۇ خىل ئۇسۇلنى چىرىدىمۇ قوللاندىم. چىرىدىن ئۆتۈپ لوپقا كەلسەك، لوپتا قالغان ما خۇسەننىڭ ئەسكەرلىرى يوق ئىكەن، گازارمىلىرى بىكار

قاپتۇ. لوپتا توختىماي خوتەن شەھىرىگە كىرىپ سىپىل ئىچىگە كىرسەك، ما خۇسەننىڭ خوتەندە قالغان بارلىق ئەسكەرلىرى يىغىلىپ جىددىي تەييارلىق كۆرۈۋېتىپتۇ. ئەتىسى چۈش بىلەن بىر ئايروپىلان كېلىپ پەسلەپ شەھەرنى بىر ئايلىنىپ، سىپىل ئىچىگە 2 ـ 3 بومبا تاشلاپ ئاندىن كەتتى. شۇنىڭ بىلەن سىپىل ئىچى ناھايىتى پاتپاراق بولۇپ كەتتى. ما خۇسەننىڭ خەنزۇ، تۇڭگان ئەسكەرلىرى بىر كېچىدىلا بىرسىمۇ قالماي قېچىپ كېتىپتۇ. پەقەت ئۇيغۇر ئەسكەرلەرلا قاپتىمىز. «ئاكاڭ كىمنى ئالسا يەڭگەڭ شۇ» دېگەندەك، يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ياتتۇق. ئىككى كۈندىن كېيىن شىڭ شىسەينىڭ ماشىنىلاشقان ئالدىن يۈرەر قىسمى كەلدى. بىز ئۆمرىمىزدە ماشىنا كۆرۈپ باقمىغاچقا ماشىنىلارنى كۆرۈپ ھەس - ھەيران قېلىشتۇق. قوراللىرىمىزنىڭ ئوقىنى چىقىرىپ، مىلتىقلىرىمىزنى تەتۈر تۇتۇپ ئۇلارغا بوي سۇندۇق. شېڭ شىسەينىڭ ئەسكەرلىرى كېلىپ بارلىق ئۇيغۇر ئەسكەرلەرنى (مىڭدىن ئاشىدۇ): «سىلەر جاپا چەككەنلەر، ھەممىڭلار دېھقان بالىلىرى، سىلەر ئەمدى ما خۇسەننىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇڭلار، بىزگە ئەسكەر بولاي دېسەڭلار بىزنىڭ قىسىمدا ئىشلىسەڭلار بولىدۇ، يۇرتىمىزغا قايتىپ كېتىمىز دېسەڭلار، كەتسەڭلارمۇ بولىدۇ» دېدى. بىز: «يۇرتىمىزغا كەتسەك، بىزنى قويۇپ بەرگەن بولساڭلار» دېيىشتۇق. ھەر بىر ئەسكەرنىڭ يۇرتىنىڭ يىراق - يېقىنلىقىغا قاراپ 5 ـ 10 جىڭغىچە ئۇن تارقىتىپ بەردى. مەن ئات ۋە قورالىمنى تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئۇننى ئېلىپ شەھەردە نانغا تېگىشىپ، ئىككى كۈندە ئۆيگە يېتىپ كەلدىم. كېيىن ئۇقۇشۇمچە جى

تۆەنجاڭ ئارقىمىزدىن خوتەنگە كەلمەي كېرىيە، نىيەلەردە تارقىلىپ، يېزا - قىشلاقلارغىچە بېرىپ دېھقانلارنىڭ مال - چارۋىلىرىنى بۇلاپتۇ. دۇنخۇاڭ يولى ئارقىلىق چىڭخەيگە قاچماقچى بولغاندا شېڭ شىسەينىڭ ئايروپىلانلىرى ئارقىسىدىن قوغلاپ كېرىيە بىلەن نىيە ئارىلىقىدىكى سايدا ئۇلارنى بومباردىمان قىلىپ ھەممىسىنى جەھەننەمگە يولغا ساپتۇ. 1937 - يىلى 9 - ئايدا ما خۇسەننىڭ خوتەندىكى قىسىملىرى پۈتۈنلەي يوقىتىلدى.

ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يەنە رەخىم ھاجىنىڭ ئۆيىدە ئىشلىدىم. داداممۇ شۇنىڭ ئۆيىدە ئورتاقچىلىق قىلىۋاتقانىكەن. تەۋەككۇلدە ما خۇسەنگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەندە ئاكام سەيدى ئاخۇن، يۇسۇپ دىۋانەم، توختى ئاخۇنكام، يۇسۇپ سىنەم، سوپۇر ئەستەر، ھېمىدىخان قاتارلىق ئالتە كىشىنى تارىبەگ «ئوغرى» دەپ تۇڭگانلارغا تۇتۇپ بېرىپ چاپتۇرۇۋېتىپتۇ. ئاتا - ئانام بىلەن بىرگە تۇرۇپ 35 ياشقا كىرگەندە ئۆيلەندىم. تۇنجى ئايالىمدىن 4 ئوغۇل، 2 قىز پەرزەنت كۆردۈم. ئازاتلىقتىن كېيىن خەلق ۋەكىلى، كەنت باشلىقى، ئەترەت باشلىقى بولدۇم. پارتىيە، خەلق ھۆكۈمىتى تۇرمۇشۇمغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. كېيىن دەم ئېلىشقا چىقىپ بالىلىرىم بىلەن خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىمەن.

سۆزلەپ بەرگۈچى: ئىمىن مۇھەممەت سوفۇم

خاتىرىلىگۈچى: مۇتەللىپ سادىر (خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم سىياسىي - قانۇن كومىتېتىنىڭ پېنسىيونېرى)

تەھرىرلىگۈچى: سابىر ئەلى

# «ئۇيغۇر» نامى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى


## ئابلىز ئورخۇن

(ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىدىن)


مەلۇمكى تىل بىر مىللەتنى يەنە بىر مىللەتتىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان ئەڭ مۇھىم بەلگە. كۆپىنچە مىللەتلەر تىللىرى ئۆز ئىچىدىن يەنە نۇرغۇن دىئالېكت ۋە شېۋىلەرگە ئايرىلسىمۇ يەنىلا بىر يېتەكچى ئەدەبىي تىل ئارقىلىق بىر ئېتنىك نام ئاستىغا ئۇيۇشۇپ تۇرىدۇ. كۆك تۈرك ۋە ئۇيغۇر مەڭگۈ تاشلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىدىن تارتىپ قېلىپلاشقان ھەمدە مەدەنىيەتلىك تۈركىي خەلقلەرگە ئورتاق ئەدەبىي تىللىق رولىنى ئويناپ كەلگەن، قەدىمكى ئۇيغۇر تىل - مەدەنىيىتى ئاساسىدا شەكىللەنگەن تۈركىي تىل ئوتتۇرا ئاسىيادا تاكى 1924 - يىلىغىچە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر ئەسىرلىك جەريانىنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر، ئۆزبېك مىللەتلىرىنىڭ شەكىللىنىش تارىخىدىكى يېڭى سەھىپە دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

مەزكۇر ماقالىدا ئۇيغۇر نامىنىڭ تارىختا مىللەت نامى سۈپىتىدە ئەمەس بەلكى تۈركىي خەلقلەر ئىچىدىكى كۈچلۈك قەبىلىۋى سىياسىي كۈچنىڭ نامى سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش، تارىخ سەھنىسىدىن يوقىلىش جەريانى؛ 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا چاررۇسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى ئۆزلەشتۈرۈش ئېھتىياجى ۋە يېقىنقى زامان غەرب ئىلمىنىڭ تۈرتكىسىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىنى قايتا تونۇش جەريانى، ئۇيغۇرلارنىڭ تاتار جەدىتچىلىرىنىڭ تەسىرىدە يېڭىچە مائارىپ، يېڭىچە جۇغراپىيىۋى نام ۋە ئېتنىك ناملارنى قوبۇل قىلىش جەريانى؛ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن يەتتىسۇ ئۇيغۇرلىرى باشلاپ بەرگەن يېزىق ئىسلاھاتى ۋە يېڭى ئەدەبىي تىل يارىتىش ۋە مىللىي مەتبۇئاتنى بەرپا قىلىش تەسىرى بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللەنگەنلىكى نۇقتىلىق سۆزلىنىدۇ.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇيغۇرشۇناسلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشى ۋە قەبىلىۋى تۇرمۇشتىن قول ئۈزۈپ بىر پۈتۈن سىياسىي گەۋدىگە يەنى ئۇيغۇر نامىغا ئۇيۇشۇش جەريانىنى 14 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا تولۇق تاماملاندى① دەپ قارايدۇ. لېكىن بۇ قاراش مەلۇم رايون چەكلىمىلىكىگە





ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىگە ئىدى. چۈنكى قوچۈنى مەركەز قىلغان ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى تاكى 14- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا قەدەر ئۆز مۇستەقىللىقى ۋە بۇددا ئېتىقادىنى ساقلاپ كەلگەنىدى. قارا قىتانلارنىڭ قاراخانىيلار خانلىقىنى ۋەيران قىلىشى ۋە موڭغۇللارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرۇشى بىلەن قاراخانىيلار دەۋرىدىن باشلانغان ئىدىقۇت خانلىقى بىلەن مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى توساق ئېلىۋېتىلگەن بولسىمۇ لېكىن ئېتىقات بىرلىكى ئەمەلگە ئاشمىغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قارا قىتانلار ۋە موڭغۇللارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلغان ھەربىي يۈرۈشلىرى ئەسلىدىكى قاراخانىيلار خانلىقى زېمىنىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئېتنىك تەركىبىنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتكەنىدى.

11 - ئەسىرنىڭ ئۆزىدىلا قەشقەر ۋە بالاساغۇننى مەركەز قىلغان قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ قەبىلە ۋە مىللەت تەركىبى ناھايىتى مۇرەككەپ ئىدى. بۈيۈك ئالىم مەھمۇت قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» (قىسقارتىپ ‹دىۋان› دېيىلدى) دا شۇ چاغدىكى ئاساسلىق غول ئانا تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ 20 ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورۇنلىشىش تەرتىپىنى يازمىچە ۋە خەرىتە ئارقىلىق كۆرسىتىدۇ. تۈركلۈك چەك چېگرىسى ئېنىق ئايرىلغان بۇ 20 قەبىلىنىڭ پەقەت يەتتىسىنىلا ھازىرقى شىنجاڭ دائىرىسىدە (توخسى، ياغما، چىگىللەر ئىلى دەرياسى بويىدا، چارۇقلار مارالبېشى ئەتراپىدا، چۇمۇللار يارىش تۇزلەڭلىكى ئەتراپىدا، ئۇيغۇرلار كۇچانىڭ شەرقىدىكى بەش شەھەردە، ئارامۇت ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىن جايدا)② كۆرسىتىدۇ. مەھمۇت قەشقەرى رۇم (ئاناتولىيە) دىن تاكى جۇڭگو چېگرىسىغىچە بولغان بارلىق تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈرك دەپ ئاتىسىمۇ، لېكىن مەھمۇت قەشقەرىنىڭ 11- ئەسىردىكى مىللەت قارىشىدا تۈرك دېگەن چوڭ ئېتنىك نام ئاستىدا يەنە ئۈچ چوڭ سىياسىي كۈچ (تۈرك، ئوغۇز، ئۇيغۇر) بار ئىدى.

بۇلارنىڭ بىرىنچىسى تۈرك. مەھمۇت قەشقەرى بەزى سۆزلۈكلەرنى ئىزاھلىغاندا مەسىلەن «ئازرۇق- باشقا، بۆلەك - ئوغۇزچە، تۈركلەر بۇنى ئازىن دەيدۇ» ③ دېيىش ئارقىلىق تۈركنى ئوغۇزلارغا قارشى قويىدۇ. «دىۋان» دا مۇنداق مىساللار خېلى بار. يەنە بىر جايدا «شۇڭا مەن تۈركلەرنىڭ ئەڭ سۆزمەنلىرىدىن، پىكرىنى ئەڭ روشەن بايان قىلالايدىغانلىرىدىن، ئەڭ زېرەكلىرىدىن، ئەڭ ئاساسلىق قەبىلىگە مەنسۇپلىرىدىن ۋە جەڭ ئىشلىرىدا ئۈستا نەيزىۋازلىرىدىن بولۇپ تۇرۇقلۇق ئۇلارنىڭ شەھەر ۋە سەھرالىرىنى باشتىن ئاياق كېزىپ چىقتىم. تۈرك، تۈركمەن، ئوغۇز، چىگىل، ياغما، قىرغىزلارنىڭ سۆزلىرىنى ۋە قاپىيىلىرىنى ئېنىقلاپ چىقىپ، ئۇلاردىن پايدىلاندىم» ④ دەيدۇ. بۇ يەردە مەھمۇت قەشقەرى «تۈرك» نى بىرمۇنچە قەبىلىلەر قاتارىدا سانايدۇ. بىراق «دىۋان» دا «تۈرك» سۆزىنى ئىزاھلىغاندا بىرلىك ھەم كۆپلۈك مەنىلىرىدە كېلىدىغانلىقى، بىرلىك بولغاندا پەقەت نوھنىڭ «تۈرك» ئاتلىق ئوغلىنىلا كۆرسىتىدىغانلىقى، كۆپلۈك بولۇپ كەلگەندە نوھ ئەۋلادلىرىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. مەھمۇت قەشقەرىنىڭ نەزەرىدىكى تۈركلەر زادى كىم؟. مەھمۇت قەشقەرى «تۈرك» دېگەندە قەبىلىۋى تۇرمۇشتىن قول ئۈزۈپ، ئولتۇراق تۇرمۇشقا بالدۇر كۆچكەن، خاقانىيە ئۆلكىسىنىڭ مەركىزىدىكى ئەدەبىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقنى كۆرسىتىۋاتامدۇ؟ بۇنى تېخىمۇ ئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلىشقا

www.uyghurkitap.com

ئەرزىيدۇ.

ئىككىنچى چوڭ سىياسىي كۈچ ئوغۇزلار. مەھمۇت قەشقەرى دىۋاننى يېزىش سەۋەبىگە توختالغاندا «كىشىلەرنىڭ ئوغۇز تۈركمەنلىرىنى بىلىشكە ئېھتىياجى بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇلارنىڭلا ئۇرۇقلىرىنى، ماللىرىغا باسىدىغان تامغىلىرىنىمۇ كۆرسەتتىم» ⑤ دەيدۇ. «پەيغەمبىرىمىز قىيامەت بەلگىلىرىنى، ئاخىر زامان پىتنىلىرىنى ۋە ئوغۇز تۈركلىرىنىڭ مەيدانغا چىقىدىغانلىقىنى سۆزلىگەندە، تۈرك تىلىنى ئۆگىنىڭلار، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئۇزاق داۋام قىلىدۇ، دېگەن ئىكەن» ⑥ دەيدۇ. يەنە ئوغۇز سۆزىگە تەبىر بەرگەندە «تۈرك قەبىلىلىرىدىن بىرى، ئوغۇزلار تۈركمەنلەردۇر، ئۇلارنىڭ 22 ئۇرۇقى بولۇپ، ھەر بىرىنىڭ ئايرىم بەلگىسى ۋە ماللىرىغا باسىدىغان تامغىسى بار... بىرىنچىسى ۋە يېتەكچىسى: قىنىق، زامانىمىزنىڭ سۇلتانلىرى شۇلاردىندۇر...» ⑦ دەيدۇ.

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن ئۇزۇن مۇددەت ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرۇپ ئاقىۋەتتە ئۇيغۇر قەبىلىلەر ئىتتىپاقى تەركىبىگە كىرگەن قارلۇقلار «دىۋان» دا ئايرىم قەبىلىلەر ئىتتىپاقى سۈپىتىدە ئەمەس بەلكى تۈركمەنلەرنىڭ تەركىبىگە قوشۇۋېتىلىدۇ: «ئابا ـ ئاپا، ئانا، ئوغۇزچە. قارلۇق تۈركمەنلىرى بۇ سۆزنى قاتتىق ‹پ› بىلەن تەلەپپۇز قىلىدۇ» ⑧.

«قارلۇق-ئۇلار كۆچمەن تۈركلەرنىڭ بىر گۇرۇھى بولۇپ، ئوغۇزلاردىن باشقىدۇر، ئۇلارمۇ تۈركمەن ھېسابلىنىدۇ» ⑨.

تۈركمەن سۆزىگە كەلگەندە «تۈركمەن-بۇلار ئوغۇزلاردۇر...، تۈركمەنلەر ئەسلىدە 24 قەبىلىدۇر...» ⑩ دەپ ئوغۇز بىلەن تۈركمەننىڭ ئارىسىغا تەڭلىك بەلگىسى قويىدۇ.

3 - چوڭ سىياسىي كۈچ ئۇيغۇرلار. مەھمۇت قەشقەرى ئۇيغۇر نامىغا كەلگەندە بارلىق تۈركىي قەبىلىلەرگە قارىغاندا ئالاھىدىرەك تەبىر بېرىدۇ. يەنى باشقا قەبىلىلەرگە ئوخشاش ئاددىيلا «قەبىلە» دەپ تونۇشتۇرماي بەلكى «بىر ئەلنىڭ نامى» دەپ ئىزاھلايدۇ. ھەممىمىزگە مەلۇمكى «ئەل» سۆزى ئۇيغۇر تىلىدا «دۆلەت، مىللەت» دېگەن ئىككى مەنىنى بېرىدۇ. دېمەك قوچۇ ۋە بەشبالىق قاتارلىق بەش شەھەرنى مەركەز قىلغان ئۇيغۇرلار دىنىي ئېتىقات ئايرىمچىلىقى تۈپەيلىدىن قەشقەر ۋە بالاساغۇننى مەركەز قىلغان قاراخانىيلار خانلىقى تەۋەلىكىدىكى ئۇيغۇرلاردىن پەرقلەنگەندىن سىرت، قەبىلىۋى تەشكىلاتىمۇ پۈتۈنلەي پەرقلىق ئىدى. مەھمۇت قەشقەرى ئۇيغۇرلاردىكى بىۋاستە قان قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە ئىچكى توققۇز قەبىلىنى سانىمىغان تەقدىردىمۇ تاشقى توققۇز قەبىلە ئىتتىپاقىنى تىلغا ئالغان بولاتتى. «دىۋان» دا پەقەت ئۇيغۇر قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنى تەشكىل قىلغان باسمىل، ياغما قاتارلىق بىر نەچچە قەبىلىلا تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ لېكىن ئۇلارنىڭ ئورنىمۇ ئۇيغۇر ئېلىنىڭ سىرتىدا كۆرسىتىلگەن. ئەپسۇسلىنارلىق يېرى شۇكى، مەھمۇت قەشقەرى «دىۋان» نى يېزىشتا مۇسۇلمان بولغان تۈركلەرنى ئاساس قىلغانلىقى، ئۇيغۇر قاتارلىق مۇسۇلمان بولمىغان تۈركلەرنى، ئۇلارنىڭ ئۇرۇق- ئايماقلىرى، تاغ- دەريا، يۇرتلىرىنى يېزىشتىن پايدا يوق دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق.

دېمەك، 11 ـ ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئوغۇز تۈركلىرىنى (تۈركمەن، قارلۇق) ئاساس قىلغان قارخانىيلار خانلىقى بىلەن

ئۇيغۇر قەبىلىلەر ئىتتىپاقى تەشكىل قىلغان «ئۇيغۇر ئېلى» دىن ئىبارەت ئىككى ھاكىمىيەت مەۋجۇت ئىدى. قاراخانىيلار خانلىقى ئۆز ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى، يارلىق، پۈتۈك، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى بارلىق مەدەنىيەتلىك تۈركىي خەلقلەر جۈملىدىن ئولتۇراق تۈركلەر ئارىسىدا ئومۇملاشقان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ۋە ئۇيغۇر يېزىقىدا يۈرگۈزۈپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئېتىقاد ئايرىمچىلىقى تۈپەيلىدىن قوچۇ ئىدىقۇت خانلىقىدىكى ئۇيغۇرلارنى قاتتىق يەكلەپ كەلگەن، مۇسۇلمان تۈركلەر ئىسلام دىنىغا كىرمىگەن خەلقلەرنى «تات» دەپ ئاتىغان. جۈملىدىن بۇددا دىنىدىكى ئۇيغۇرلارمۇ «تات» دەپ ئاتالغان. شۇڭا ئۇلار ئارىسىدا «ئادەم تاتلاشسا (ئۇيغۇرلاشسا)، قىلىچ داتلاشسا بۇزۇلۇر، تاتسىز (ئۇيغۇرسىز) تۈرك بولماس، باشسىز بۆك» دېگەندەك ماقال تارقالغان. بىراق قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدىكى قەبىلە ئوغۇز قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ تەركىبىدىكى ئەزەلدىن تۈركىي خەلقلەرنىڭ سىياسىي ۋە مەدەنىي ھاياتىغا ئالاھىدە تەسىر كۆرسەتمىگەن ئادەتتىكى كىچىك بىر قەبىلە بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆز ئالدىغا ئايرىم بىر سىياسىي، قەبىلىۋى كۈچ بولۇپ ئۇيۇشالمىدى. شۇڭا كېيىنكى مەزگىللەردە قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى بارلىق تۈركىي قەبىلە-ئۇرۇقلار ئەتراپىدىكى ئەرەب، پارسلار ۋە بۇددىست ئۇيغۇرلاردىن ئۆزلىرىنى پەرقلەندۈ-رۈش ئېھتىياجى بىلەن تۈرك نامىدا ئاتىلىپ كەلدى. تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان ئەدەبىي تىل كۆكتۈركلەردىن كېيىن ئۇيغۇر قەبىلىلەر ئىتتىپاقى داۋاملاشتۇرۇپ تاكامۇللاشتۇرغان تىل بولغانلىقى ئۈچۈن ئەرەب، پارس، سوغداقلار نەزىرىدە ئومۇملاشتۇرۇلۇپ تۈركىي تىل دەپلا ئاتىلاتتى. مۇشۇ ئەدەبىي تىلدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان تۈرك زىيالىيلىرىمۇ بۇ تىلنى بەزى بەزىدە خاقانىيە تۈركچىسى، كاشغەر تۈركچىسى دەپ ئاتىغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا ئومۇمىيۈزلۈك تۈرك تىلى دەپلا ئاتىدى. بۇددىزىم مۇھىتىدىكى ئۇيغۇرلار ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ تىلىنى تۈركچە دەپ ئاتىغاندىن سىرت بەزىدە ئۇيغۇر تۈركچىسى دەپمۇ ئاتىدى. شۇ سەۋەبلىك پەقەت ئۇيغۇرلار ئىجات قىلىپ تۈركىي خەلقلەر ئارىسىغا ئومۇملاشتۇرغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى مەھمۇت قەشقەرى ناھايىتى ئوچۇق قىلىپ تۈرك يېزىقى دەپلا ئاتىغان⑪. دېمەك، شەھەرلەشكەن، مەدەنىيەتكە ئاكتىپ قاتناشقان بارلىق تۈركىي خەلقلەر ئۇيغۇر تىل - يېزىقى ئاساسىدا قېلىپلاشقان ئەدەبىي تىل ئەتراپىغا ئۇيۇشقان بولسىمۇ، بۇ تىل ئۇيغۇر تىلى دەپ ئاتالماي تۈرك تىلى دەپ ئاتالدى. بۇنىڭغا قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزىي رايونىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق مۇددەت بۇددىزىم مۇھىتىدا تۇرۇپ قېلىشى سەۋەب بولغانىدى.

14 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئەسلىدىكى قاراخانىيلار زېمىنىدىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ نەزەرىدە «بۇددىست، كاپىر» مەنىسىدە چۈشىنىلىپ كەلگەن ئۇيغۇر نامى ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىسلاملىشىشى بىلەن ئىستېمالدىن قالدى. بىراق ئۆزلىرىنىڭ يۈكسەك مەدەنىيىتى، ھاكىمىيەت، يېزىق، پۈتۈك ئىشلىرى بىلەن موڭغۇللارنىڭ ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشكەن ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىدا، تۆمۈرىيلەر ئوردىلىرىدا ئۇيغۇر نامىنى داۋاملىق ئىشلىتىش ئىمتىيازىنى ساقلاپ قالدى. چۈنكى بۇددا دىنىنىڭ لاما مەزھىپىدە تۇرىۋاتقان

www.uyghurkitap.com

موڭغۇللار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خەلقلەرنىڭ دىنىي ئەركىنلىكىنى ھاكىمىيەت ئارقىلىق قوغدىغانىدى. موڭغۇللارنىڭ مەركىزىي ئاسىيانى بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشىدا ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ بىر تۈمەن كىشىلىك قوشۇنى تۇرشاۋۇل قوشۇن بولۇپ سەپنىڭ ئالدىدا ماڭغانىدى، بۇ قوشۇنغا ئىدىقۇت بارچۇق ئارت تېكىننىڭ ئۆزى قوماندانلىق قىلغانىدى⑫. نۇرغۇن ئوقۇمۇشلۇق زىيالىيلار چاغاتاي خانلىقى، ئىلخانىيلار خانلىقلىرىنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا جەلپ قىلىنغانىدى. ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدىن بارغان ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپ قىسمى خارەزىم، ھىرات قاتارلىق جايلاردا ئولتۇراقلىشىپ قالدى. كېيىنكى مەزگىللەردە ئۇلارنىڭ بۇ يەردىكى پائالىيەتلىرى جانلىنىشقا باشلىغان. تۇرپاندىن بارغان بىر قىسىم ئۇيغۇر قوشۇنلىرى مۇھەممەد شەيبانىخاننىڭ قوشۇنى تەركىبىدە تۈركىستان شەھەرلىرىگە ھۇجۇم قىلغان⑬.

1312 - يىللىرى ئەتراپىدا ئۆزبېك خاننىڭ تاغىسى توقتاغا خان ئۆلگەندە ئۇيغۇرلاردىن بولغان باجىر توق بۇغا دېگەن كىشى تەختنى تارتىۋالغان: «كېلىن بايالىن قاتارلىقلارنى ئۆزبېك خان ئەلەيھىررەھمەنىي ئالدۇرۇپ كېلىشكە ئەۋەتتى. ئۇلار يېتىپ كەلگىچە توختاغاخان ۋاپات بولدى. باجىر توق بۇغا دېگەن ئۇيغۇر قەۋمىدىن ئىدى، قەۋمىي، قەبىلىسى كۆچلۈك ئەل ئىدى ھەمدە خاننىڭ ئاتالىقى ئىدى. كۆڭلى قارا كىشى ئىكەن، شەيتاننىڭ ۋەسۋەسى بىلەن خان بولدى...» ⑭.

17 - ئەسىردە ياشىغان ئاتاقلىق تارىخچى، خىۋە خانى ئوبۇلغازى باھادۇرخان (1605-1664) «شەجەرەئىي تۈرك» ناملىق ئەسىرىدە ئۆزىنى خانلىق تەختىگە يۆلەپ چىقارغۇچىلار-نىڭ ئۇيغۇر نايمانلىرى ئىكەنلىكىنى مەمنۇنىيەت بىلەن تىلغا ئالىدۇ. ھەمدە خۇراسان، سەمەرقەنت، خارەزىم تەرەپلەردە نۇرغۇن ئۇيغۇرلارنىڭ پائالىيەت قىلغانلىقىنى كۆپ ئورۇندا تىلغا ئالىدۇ. بولۇپمۇ ئوبۇلغازى باھادۇرخاننىڭ دادىسى ئەرەب مۇھەممەدخاننىڭ قېشىدا «ئۇيغۇرلاردىن قۇربان ھاجى دېگەن كىشى بولۇپ، خاننىڭ ئۇنىڭدىن ئۇلۇغ بېگى يوق ئىدى...»، «قەدىمىي خەلق بۇ زاماننىڭ خەلقىدىن ياخشى ئىدى»، «ئۇيغۇر خەلقىدىن قۇربان ھاجى دېگەننىڭ ئوغلى قۇلمۇھەممەد مېنىڭ ئاتالىقىم ئىدى» دەيدۇ ⑮. ئوبۇلغازىخان باشقا قېرىنداشلىرىدىن ھوقۇق تالىشىش جەريانىدا نۇرغۇن ئۇيغۇر ئوبۇلغازىخاننىڭ دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن قىرغىن قىلىنغان. خارەزىم، خىۋا، ئۈرگەنچ تەرەپلەردىكى ئۇيغۇرلار17- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئايرىم بىر سىياسىي كۈچ سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتىن قالغان بولسىمۇ لېكىن بۇ رايونلاردا ئۇلارنىڭ ئىزلىرىنى قالدۇرۇپ كەتتى. ئوبۇلغازى باھادۇرخاننىڭ «شەجەرەئىي تەراكىمە» ناملىق ئەسىرىنىڭ 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا خارەزىم ۋىلايىتىنىڭ ئۇيغۇر يېزىسىدا كۆچۈرۈلۈشى بۇنىڭ بىر ئىسپاتى ئىدى⑯.

بىراق تۆمۈرىيلەر ئوردىسىدا 14 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىلا ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي ئورنىغا مۇتلەق خاتىمە بېرىلگەنىدى. شۇڭا ئۇيغۇرلار مەدەنىيەت ساھەسىدىلا ئۆز ئورنىنى ساقلاپ قالغانىدى. ئەلىشىر ناۋايى تۈرك شېئىرىيىتىنىڭ پېشىۋاسى مەۋلانا ئەبەيدۇللا لۇتفىنى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۇستازى دەپ تەرىپلەيدۇ.

1544 - 1546 - يىللار ئارىلىقىدا يېزىلغان «تارىخى رەشىدى»دە ئەلىشىر ناۋايىنىڭ نەسەبىنىڭ ئۇيغۇر باخشىلىرىدىن ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنىدۇ. 15 - ئەسىردە

يېزىلغان «تارىخي خانى» ناملىق ئەسەر ئاپتورىنىڭمۇ ئۇيغۇر باخشىلىرىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكى ھەققىدە مەلۇمات بار. ناۋايىنىڭ «ۋەقفنامە» ناملىق ئەسىرىدە تۆمۈرىيلەر ئوردىسىدىكى قەبىلىلەرنىڭ ئورنى كۆرسىتىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئورنى بارلاس، ئارلات، تارخان، قىيات، قوڭرات قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ ئارقىغا تىزىلغان. ناۋايى تۆمۈرىيلەر ئوردىسىدا پادىشاھ ھۈسەيىن بايقارادىن قالسىلا 2 - نومۇرلۇق شەخس بولسىمۇ لېكىن ئۆز مۆھۈرىنى يۇقىرىقى قەبىلىلەر مۆھۈرىنىڭ ئاستىغا بېسىشقا مەجبۇر بولغان. بۇ ئار نومۇسقا چىدىمىغان ناۋايى ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بەرگەن ۋە بۇ ۋەقەنى مۆھۈرنى سۈندۇرۇش ئاتالغۇسى بىلەن ئىپادىلىگەن⑰.

دېمەك، 13 - ئەسىرنىڭ بېشىدا قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ، 14- ئەسىردە ئۇلۇغ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىنىڭ گۇمران بولۇشى بىلەن ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي سەھنىسىدىن ئايرىلغان بولسىمۇ لېكىن ئوتتۇرا ئاسىيادا تاكى 17 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە سىياسىي جەھەتتە يەنىلا ئۇستۇنلۇك تالىشىپ كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئۈچ ئەسىر مابەينىدە ئۇيغۇرلار ئايرىم سىياسىي كۈچ بولۇش سالاھىيىتىدىن قالدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي سەھنىدىن ئايرىلىشى بىلەن تۈركىي ئەدەبىي تىلىنىڭ ئورنىمۇ چۆكۈشكە باشلىدى. قاراخانىيلار دەۋرىدە ئەرەب، پارس تىللىرى بىلەن بەيگىگە چۈشكەن تۈركىي تىل ئۆز ئورنىنى تەبىئىي ھالدا ئەرەب، پارس تىللىرىغا بوشاتتى. نۇرغۇن تۈركىي تىللىق يازغۇچى، شائىرلارمۇ ئەسەرلىرىنى پارس تىلىدا ياراتتى. پارس تىلىدا ئىجاد قىلىش ئۇلارنىڭ مودىسىغا ئايلاندى. تۆمۈرىيلەر پادىشاھى ھۈسەيىن بايقارا ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن تۈركىي تىلنى ھاكىمىيەت ئارقىلىق قوغداش تەشەببۇسكارى بولدى. ئۇنىڭ ساۋاقدىشى، ۋەزىرى شائىر ئەلىشىر ناۋايى تۈركىي تىلى ئېغىر قىسمەتكە دۇچار بولغان مۇشۇنداق پەيتتە كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۆزىنىڭ ئالەمشۇمۇل بۈيۈك ئەسەرلىرىنى تۈركىي تىلدا يارىتىش ئارقىلىق بۇ تىلنىڭ سېھرىي كۈچىنى قايتا نامايان قىلدى ۋە «پارسگۇي» لۇققا قاتتىق زەربە بەردى. ھەمدە شۇ ئارقىلىق تۈركىي تىلنى قۇتقۇزۇپ قالدى. بۇ تىل ناۋايىدىن ئىلگىرىكى بىر ئىككى ئەسىر ئىچىدە شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ھۆكۈم سۈرگەن چاغاتاي خانلىقى دائىرىسىدە ئىشلىتىلگەنلىكى ئۈچۈن چاغاتاينىڭ ئىسمى بىلەن بەزى بەزىدە چاغاتاي تىلى دەپمۇ ئاتالدى. بۇ ئاتالغۇ 20- ئەسىرگە كەلگەندە رۇس ۋە غەرب سىياسىئونلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا يېڭى ئېتنىك گۇرۇپپىلارنى پەيدا قىلىشىغا دەستەك بولۇپ قالدى. ئاتالمىش «چاغاتاي تىلى» 20- ئەسىرگە كەلگەندە تۈركىي تىلى دېگەن ئاتالغۇنىڭ ئورنىغا دەسسەپ بىر ئىلمىي ئاتالغۇ سۈپىتىدە بازار تاپتى. ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىستېلا قىلغان چارروسىيە تۈركىستان ھەربىي رايونىنىڭ ئورگىنى سۈپىتىدە نەشر قىلغان «تۈركىستان ۋىلايىتىنىڭ گېزىتى» دە ئىشلىتىلگەن تىلنى ھېچقانداق مىللەت تەۋەلىكى بولمىغان «سارتچە» دېگەن ئاتالغۇ بىلەن ئاتىدى. ئۇنىڭسىزمۇ شۇ چاغدىكى ئىككى دەريا ۋادىسىنىڭ تۇپلۇك ئاھالىسى بولغان خەلقمۇ مۇقىم بىر مىللىي نام بىلەن ئاتالماي ئەنجانلىق، قوقانلىق، بۇخارالىق دېگەندەك جۇغراپىيىۋى ناملار بىلەن ئاتىلاتتى. بۇ ھال روسلارغا قولايلىق پۇرسەت ياراتتى. بۇ يەرنىڭ ئاساسلىق ئاھالىسى ئەسلىدە غەربىي

قاراخانىيلارنىڭ يەرلىك ئاھالىسى بولغان تۈركلەر ئىدى. ئۆزبېكلەر ئەسلىدە ئارال، كاسپىي دېڭىز بويلىرىدىن سىبىرىيىنىڭ غەربىگىچە بولغان جايلاردا ياشايدىغان تۈرك-موڭغۇل تىللىق قەبىلىلەر بولۇپ، 1312 ~ 1342 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن ئالتۇن ئوردا خانى ئۆزبېك خاننىڭ نامى بىلەن ئۆزبېك دەپ ئاتالغان. ئۇلار 1504- يىلىدىن 1506- يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا مۇھەممەد شەيبانىخاننىڭ باشچىلىقىدا ھازىرقى ئۆزبېكىستان زېمىنلىرىغا ئومۇمىيۈزلۈك باستۇرۇپ كىرگەن ھەمدە يەرلىك خەلققە يۇغۇرۇلۇپ مۇقىم ئولتۇراق مەدەنىيەتكە ئۆتكەن. شۇڭا بابۇر «بابۇرنامە» ناملىق ئەسىرىدە «يۈز قىرق يىلدىن بىرى سەمەرقەنت پايتەختى بىزنىڭ يۇرتىمىز ئىدى. يات ياغى ئۆزبېكلەر كېلىپ بېسىۋالدى» دەيدۇ. ئۆزبېكلەرنىڭ ئىككى دەريا ۋادىسىغا ئىچكىرىلەپ كىرىشى بۇ رايوننىڭ تۈركلىشىش جەريانىنى تېزلەتكەن بولسىمۇ لېكىن بۇ ئۆزبەكلىشىش جەريانى ئەمەس ئىدى. چۈنكى يەرلىك تۈركلەر كۆچمەن خەلقتىن سان جەھەتتە ئۈستۈن ئىدى.

شىنجاڭدا بولسا ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن چاغاتاي ئەۋلادلىرى مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. ئۇيغۇر نامى شىنجاڭدا مىرزا ھەيدەرنىڭ «تارىخى رەشىدى» سىدە 16 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا «سېرىق ئۇيغۇر» نامى بىلەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم تىلغا ئېلىنىدى. تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن تاكى 1514 - يىلى يەركەن سەئىدىيە خانلىقى قۇرۇلغانغىچە بولغان ئىككى ئەسىر ئۇرۇش مالىمانچىلىقى ئىچىدە ئۆتتى. ھاكىمىيەت بېشىدا ئولتۇرغۇچىلارنىڭ نەسەبى بىۋاستە چىڭگىزخانغا باغلىنىش يولى بىلەن پادىشاھلارنىڭ ئۇلۇغلۇقى، ئېسىل نەسەبلىك ئىكەنلىكى گەۋدىلەندۈرۈلۈدىغان بولدى. شۇنىسى قىزىقكى، موڭغۇللار بىلەن تۈركىي خەلقلەرنىڭ زور يۇغۇرۇلۇشىدىن كېلىپ چىققان ئېتنىك ئۆزگىرىش مەدەنىيەتتىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. چىڭگىزخان نەسلىدىن بولغان بارلىق موغۇل پادىشاھلىرىنىڭ نەسەبى ئالدى بىلەن چىڭگىزخانغا تۇتاشتۇرۇلغاندىن كېيىن تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ ئوغۇزخانغا، نوھ ئوغلى تۈرككە تۇتاشتۇرۇلىدىغان بولدى⑱.

16 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا مەختۇمى ئەزەم ئەۋلادلىرىنىڭ سەئىدىيە خانلىقىغا كېلىپ تەسىر دائىرە تالىشىشى بىلەن يەرلىك خەلقنىڭ مىللىي ئېڭىدا يەنە بىر زور بۇرۇلۇش ھاسىل بولدى. يەركەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ گۇمران بولۇشى بىلەن شىنجاڭنىڭ دىنىي ۋە سىياسىي سەھنىسىگە ئاتالمىش سەئىد ئەۋلادلىرى چىقتى، ئۇلار يەرلىك خەلقنىڭ دىنىي قىزغىنلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنىڭ مايىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۆز نەسەبىنى بىۋاستە ئەرەبلەردىن، تەسەۋۋۇپچى ئەۋلىيالاردىن ئىزدەش ۋە ئۆز نەسەبىنى زورلاپ ئەرەب، پارسلارغا باغلاش خاھىشى ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتتى. 1864 - يىلى ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى تىكلىنىپ سەئىد ئەۋلادلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ۋە ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى تەسىرىگە زەربە بېرىلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ چاغدا ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ مىللىي نامىنى ئاللىقاچان ئۇنۇتقانىدى.

1759 - يىلى شىنجاڭنىڭ چىڭ سۇلالىسى تەۋەلىكىگە ئۆتۈشى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ غەربىي ئاسىيا ۋە ئەرەب، پارسلار بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىش پۇرسىتى ئازايدى. شۇ سەۋەبلىك مەدرىسلەردە ئەرەب، پارس تىللىرىنىڭ ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇشى

ۋە بۇ تىللاردا بىۋاسىتە ئەسەر يارىتىش مودىسىمۇ پەسكويىغا چۈشتى. شۇڭا ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا ئەرەب، پارس تىللىرىنى بىلىدىغان زىيالىيلار ئازىيىپ، تۈركىي تىلغا بولغان ئېھتىياج ھەدەپ كۈچەيدى. شىنجاڭدا تۈركىي تىلنىڭ قايتا گۈللىنىش دەۋرى 18-19- ئەسىرلەردە بارلىققا كەلدى. نۇرغۇن تارىخىي، ئەدەبىي، دىنىي ئەسەرلەر تۈركىي تىلغا تەرجىمە قىلىندى. تۈركىي تىلدا نۇرغۇن ئەسەرلەر يارىتىلدى. بۇ دەۋردە تۈركىي تىلدا يارىتىلغان ئەسەرلەر ھەرقانداق دەۋردىكىدىن كۆپ بولدى. بۇنىڭغا يۈزلەپ مىساللارنى كەلتۈرۈش مۇمكىن. ئاڭ ۋە ئىدىئولوگىيە جەھەتتىمۇ مەلۇم بۇرۇلۇش بولدى. ئەنئەنىۋى تېمىلاردىن رېئال تېمىلارغا مۇراجەت قىلغان بىلال نازىم، سېيىت مۇھەممەت قاشىي، ئابدۇرېھىم نىزارى قاتارلىق بىر تۈركۈم ئەدىبلەر، ئۆز تارىخىغا يېڭىچە نەزەر بىلەن قارىغان موللا مۇسا سايرامى، مۇھەممەت سادىق قەشقەرى قاتارلىق تارىخچىلار يېتىشىپ چىقتى. بۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا رېئال ئېھتىياج تۈپەيلى ئويغانغان ئىستىخىيىلىك بۇرۇلۇش ئىدى. شۇ سەۋەبلىك ئۇيغۇرلار بۇنىڭدىن سەل كېيىن كىرگەن تاتار جەدىتچىلىرىنىڭ تەسىرىنى ناھايىتى تېزلا ئۆزلەشتۈرىۋالدى.

ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە قازىنىشى بىلەن تۈركىستان مۇختارىيىتىدە مىللىي چېگرىلار ئايرىلىپ، 1924 - يىلى بۇخارا جۇمھۇرىيىتى ئاغدۇرۇلۇپ ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى، 1934 - يىلى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى، 1936 - يىلى قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن ئىلگىرىكى مەدەنىيەت ۋە سىياسىي بىرلىك تۈپتىن بۇزۇلدى. 1921- يىلى 6- ئاينىڭ 21 - كۈنى يەتتىسۇ ئۇيغۇرلىرى مەشھۇر سىياسىيون، جامائەت ئەربابى ئابدۇللا روزىباقىيېفنىڭ تەشەببۇسى بىلەن تاشكەنتتە ئۇيغۇر نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ئۇنى تارانچى، قەشقەرلىك، ئالتەشەھەرلىك، خوتەنلىك دېگەندەك ناملارنىڭ ئورنىغا دەسسەتتى. ئابدۇللا روزىباقىيېف بۇ نامنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندە ئەينى چاغدىكى جىددىي سىياسىي ئېھتىياجنى كۆزدە تۇتقانىدى. يەنى يەتتىسۇ ۋە ئىككى دەريا ئارىلىقىدىكى قېرىنداشلار ئارىسىدا تارانچى، قەشقەرلىك، ئالتەشەھەرلىك دېگەندەك ئېغىر بۆلۈنمىچىلىك مەۋجۇت بولغانلىقى ئۈچۈن چار پادىشاھنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى بىرلىك سەپ ھاسىل قىلىشقا مۇمكىن بولماي قالغانىدى. ئابدۇللا روزىباقىيېف ئۇيغۇر نامى ئۇنتۇلۇپ شۇنچە ئۇزۇن زامانلاردىن كېيىن بۇ نامنى قانداقسىگە قايتا تونۇپ قالدى؟.

ئىمپېراتور پېتىرنىڭ كېڭەيمىچىلىكىدىن كېيىن رۇسىيە ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ زېمىنلىرىغا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇخارا، خىۋە، قوقان خانلىقلىرىغا ھەدەپ كېڭەيمىچىلىك قىلىشقا باشلىدى. كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشى ئۈچۈن چار پادىشاھ ھۆكۈمىتى ئىمپېرىيىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى قارمىقىدا جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنى قۇردى. مەزكۇر جەمئىيەت ئەزالىرى كېڭىيىش نىشان قىلىنغان رايونلارغا ئىلمىي تەكشۈرۈشكە بېرىپ چار پادىشاھ ھۆكۈمىتىنى قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى. بۇ ماتېرىياللار ئۆز نۆۋىتىدە يەنە نۇرغۇن ئارخېئولوگىيەلىك، ئېتنوگرافىيە، مىللەتشۇناسلىق ماتېرىياللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى. شۇڭا پۈتۈنلەي ھەربىي ئاخبارات ئىگىلەش مەقسىتىدە كەلگەن چوقان ۋەلىخانوفنىڭ ئىلى ۋە ئالتەشەھەر تەرەپتىن توپلىغان ماتېرىياللـ

رىنىڭ ھايال ئۆتمەيلا ئوتتۇرا ئاسىيانى چۈشىنىش ئىستىكىدە كۆز تىكىپ تۇرغان ئېنگلىز، گېرمانلار تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنىشى ۋە غەربتە قاتتىق زىلزىلە قوزغىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى[19]. چوقان ۋەلىخانوف ئىلى ۋە ئالتەشەھەر ئاھالىسىنى بىرەر ئېتنىڭ نام بىلەن ئاتىمىسىمۇ لېكىن قەدىمكى ئۇيغۇرلار ياشىغان جايلارنىڭ ئورنىنى كۆرسىتىپ بەرگەنىدى. خەنزۇ مەنبەلىرىگە پۇختا ئىگىلىگەن بىچۇرىننىڭ «قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەرگە دائىر ماتېرىياللار» ناملىق تۆت توملۇق تەرجىمە ئەسەرىنىڭ نەشر قىلىنىشى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئېتنىك قاتلىمىنى يورۇتۇپ بېرىشتە بىرىنچى قول ماتېرىيال بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شىنجاڭ، دۇنخۇاڭ، موڭغۇلىيىلەردىن زور تۈركۈمدىكى ئۇيغۇرچە مەڭگۈ تاش، يازما ماتېرىياللارنىڭ تېپىلىشى ۋە مالوف، رادلوف، بارتولد، تىخونوف قاتارلىق تۈركولوگلارنىڭ بۇ ھەقتىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى ئابدۇللا روزىباقىيېفنى قاتتىق سۆيۈندۈرگەنىدى. يۇقىرىقى كىشىلەرنىڭ تۈركولوگىيە ساھەسىدىكى ئىلمىي ئىزدىنىشلىرى ھازىرقى كۈندە پۈتۈنلەي ئىلمىي ئەمگەك سانالسىمۇ ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھمىيىتى چار روسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرۇشقا ئاساس سالغانلىقىدا ئىدى.

ئۇيغۇر نامى گەرچە 1921 - يىلى تاشكەنتتە ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ نامنى بىردىنلا ئۇيغۇرلارغا ئوموملاشتۇرۇش قىيىنغا چۈشتى. چۈنكى شۇنىڭغىچە شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ياشىغۇچى تۈركىي خەلقلەر مەدەنىيەت جەھەتتە تۈركىي تىل دېگەن ئورتاق ئەدەبىي تىل بىلەن باغلىنىپ تۇرسىمۇ لېكىن ئۇلاردا ئېنىق مىللەت ئۇقۇمى مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. يەتتىسۇ ئۇيغۇرلىرىدىن يېتىشىپ چىققان تۇنجى مەرىپەتچى نەزەرخوجا ئابدۇسەمەتوف (ئۇيغۇر بالىسى) ئۇيغۇرلاردا تۇنجى بولۇپ ئۇيغۇر نامىنى ئىشلەتكەن (1911 - يىلى) كىشى ئىدى، لېكىن ئۇ 1914 - يىلى ئالتەشەھەرگە قىلغان ساياھىتى جەريانىدا ئالتەشەھەر ئاھالىسىنىڭ مىللىي ئېڭىنى تەكشۈرۈپ قانائەتلىنەرلىك جاۋابقا ئېرىشەلمەيدۇ، ئەكسىچە ئۇلاردىن «مىللەتڭىز نېمە؟» دېگەن سوئالغا «مۇسۇلمان، ئىبراھىم خەلىلۇللانىڭ مىللىتى، چەنتۇ»[20] دېگەندەك جاۋابلارغا ئېرىشىدۇ.

ئەمەلىيەتتە ئابدۇللا روزىباقىيېفنىڭ ئىدىيىسىگە تەسىر كۆرسەتكەن تۇنجى كىشىمۇ نەزەر خوجا ئابدۇسەمەت بولغان. چۈنكى نەزەر خوجا ئابدۇسەمەت ئورېنبورگدا 1908 - يىلىدىن باشلاپ چىقىشقا باشلىغان يېرىم ئايلىق ژۇرنال «شۇرا» دا 1909 - يىلىدىن باشلاپ ئۇيغۇرلار ھەققىدە ماقالە ئېلان قىلىشقا باشلىغان، بۇ كىشى 1911 - يىلىدىن باشلاپ ئۆزىگە «ئۇيغۇر بالىسى» دەپ تەخەللۇس قويغان بولسىمۇ «شۇرا» غا يازغان ماقالىلىرى ئۆزىگە ئەڭ تونۇشلۇق بولغان ئىلى ۋە يەتتىسۇ ئۇيغۇرلىرى ھەققىدە بولغاچقا ئۇلارنى ئالتەشەھەر ئۇيغۇرلىرىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارنى ئىزچىل تۈردە تارانچى دەپ ئاتىغان. ھەتتا قومۇل، تۇرپان ئۇيغۇرلىرىندمۇ تارانچى دەپ ھېسابلىغان[21].

نەزەرخوجا ئابدۇسەمەتوفنىڭ ئۇيغۇر نامىنى قوبۇل قىلىشى تاسادىپىي ئىش ئەمەس. چۈنكى تاتارلاردا 1905 - يىلىدىكى روسىيە ئىنقىلابىدىن كېيىن يېڭى تەرەققىيات پۇرسىتىگە ئېرىشكەن جەدىتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ گۈللىنىشى بىلەن 1918- يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر جەمئىي 63 خىل

uyghurkitap.com

گېزىت، 34 خىل ژۇرنال نەشىر قىلىنغانىدى ㉒. مانا بۇ گېزىت، ژۇرناللار روسسىيە مۇسۇلمانلىرى بولۇپمۇ تاتار جەدىتچىلىرىنىڭ ئەڭ ئۇنۇملۇك پائالىيەت سورۇنى ئىدى. مەتبەئەچىلىك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىمۇ زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. گېزىت، ژۇرناللاردا دىنىي، ئىجتىمائىي ماقالىلەر بېسىلغاندىن سىرت تۈركىي خەلقلەرنىڭ تارىخ، مەدەنىيىتىگە دائىر تۈرلۈك ماقالىلەر بېسىلىپ چىقتى. زەكى ۋەلىدى توغان قاتارلىق داڭلىق تۈركولوگلارنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە تارىخى ھەققىدىكى ئۇچۇرلىرى نەزەرخوجا، لاتىپ ئەنسەرىي قاتارلىق ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ زېھنىنى ئۇرغۇتتى. دېمەك، تاتار مەتبۇئاتى نەزەرخوجىغا ئوخشاش نۇرغۇن زىيالىيلارنىڭ يېڭى زامان مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىدىغان ئەڭ ياخشى مەكتىپىگە ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارمۇ قولىغا قەلەم ئېلىپ «شۇرا»، «ۋاقىت»، «تىل‌يارىش» لاردا ئۆز خەلقىنىڭ ھاياتىدىن خەۋەرلەرنى بەردى. «شۇرا» نىڭ 1910 - يىلدىكى بىر ساندا ئۇيغۇر بالىسى «ئۇيغۇرلارنىڭ بىردىن بىر كونا ئەسىرى، ئۇلۇغ ئەسەر ‹قۇتادغۇبىلىك› نى ‹شۇرا› سەھىپىلىرىدە چىقىرىپ تۈرك قېرىنداشلارنى خۇشال قىلىشقا بولماسمۇ» دەپ مۇراجەت قىلدى. يەنە شۇ ساندا ئۇ شۇرا ژۇرنىلىدىن پانتۇسوفنىڭ ئۇيغۇر تارىخى ھەققىدىكى بىر ئەسىرى ھەققىدە ئۇچۇر بېرىشنى ئۆتۈنگەن. دېمەك، نەزەر خوجا ئابدۇسەمەتنىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى مەلۇماتى 1910- يىلدىن سەل بۇرۇن باشلانغان بولسا كېرەك.

بۇلاردىن باشقا «شۇرا» ژۇرنىلى ۋە «ۋاقىت» گېزىتىدە ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئەڭ كۆپ مەلۇمات بەرگەن كىشى ئاتاقلىق تاتار ئالىمى، سەيياھ نوشۇرۋان يائۇشېف بولدى. ئۇنىڭ مەتبۇئات ھاياتى سەل كېيىنرەك يەنى 1914 - يىلدىن كېيىن باشلانغان بولسىمۇ لېكىن 1914 - يىلنىڭ ئاخىرىدىن 1917- يىلنىڭ بېشىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئىلى ۋادىسى ۋە ئالتەشەر ساياھىتىدىن يازغان ماقالىسى ئاز كەم 100 پارچىغا يېتىدۇ. نوشۇرۋان يائۇشېۋنىڭ ئاساسلىق مەقسىدى ئومۇمىي تۈرك تارىخىنى يېزىشقا پايدىلىق قوليازمىلارنى جۇملىدىن «تارىخى رەشىدى» نى تېپىش بولغاچقا ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ئۇيغۇرلار تارىخى ھەققىدە مەلۇمات ئېلىشقا ئۈلگۈرەلمەي قالغان. شۇڭا ئۇ ئىلى ۋە ئالتەشەھەر ئاھالىسىنى بىردەك «ئالتەشەھەر تۈركلىرى، چىنىي تۈركىستان تۈركلىرى» دەپ ئاتايدۇ. ئۇنىڭسىزمۇ ئۇنىڭ ئورتاق تۈرك تىلى، ئورتاق تۈرك مەتبۇئاتى، يېڭىچە مائارىپ يارىتىش غايىسى بارلىق غايىلىرىنىڭ مېغىزى بولغاچقا تۈركىي خەلقلەرنى ئۇششاق ئېتنىك گۇرۇپپىلار بويىچە ئاتاشنى ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمەيدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ئۇيغۇر ھاياتىدىن ئېلىنغان شۇنچە كۆپ ماقالىلىرى ئىچىدە ئۇيغۇر ئاتالغۇسى ئاساسەن ئۇچرىمايدۇ.

نوشۇرۋان يائۇشېف تارىخىي قولىيازمىلار-نى ئىزدەشتە كۆڭۈلدىكىدەك نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن بولمىسىمۇ، لېكىن ئالتەشەھەر خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق توپلىغان جەمئىيەت تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرى پەۋقۇلئاددە قىممەتلىكتۇر. ئۇنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ھاياتىدىن بەرگەن مەلۇماتلىرى بۈگۈنكى كۈنلۈكتە ئەينى دەۋر ئۇيغۇر روھىيىتىنى چۈشىنىشتە تېپىلغۇسىز مەنبە بولۇپ تۇرماقتا. چوقان ۋەلىخانوفنىڭ 1857 - يىلدىكى تەكشۈرۈشىدە ئالتەشەھەر ئاھالىسى ئۆزبەكلەرنى «ئەنجانلىق» دەپ ئاتايدىغانلىقى، نوشۇرۋان يائۇشېفنىڭ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

تەكشۈرۈشىدە ئالتەشەھەرلىكلەرنىڭ «ئەنجانلىق»نى مىللەت نامى سۈپىتىدە چۈشىنىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلار شۇ چاغقىچە ئۆزلىرىنى كىچىك دائىرىدە قەشقەرلىك، خوتەنلىك دەپ ئاتىغاندىن سىرت ئۆزى ياشاۋاتقان رايونلارنى چوڭ دائىرىدە نېمە دەپ ئاتىغان؟

«تارىخى رەشىدى»، «تارىخى ھەمىدى» قاتارلىق نوپۇزلۇق ئەسەرلەردىن مەلۇم بولۇشىچە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى جۇغراپىيىلىك چۈشەنچىسىدە ئىككى دەريا ۋادىسىنى مەركەز قىلغان رايونلار تۈركىستان دەپ، شەرقىي چاغاتاي خانلىقى ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايونلار ئالتەشەھەر، يەتتە شەھەر، موغۇلىستان دەپ، كۇچارنىڭ شەرقىدىكى تۇرپاننى مەركەز قىلغان قەدىمكى ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ زېمىنى ئۇيغۇرىستان ۋىلايىتى㉓ دەپ ئايرىلغان.

چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى ئۆز ئىلكىگە ئالغاندىن كېيىن موغۇلىستان نامى ئۇنتۇلۇپ ئالتەشەھەر، يەتتەشەھەر دېگەنناملار ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. 1759 - يىلىدىن كېيىن بۇ جاي شىنجاڭ دەپ ئاتالغان بولسىمۇ لېكىن بۇ نام ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرىدىلا ئىشلىتىلدى. چۈنكى 1864 - يىلدىن 1878 - يىلغىچە ھۆكۈم سۈرگەن ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى ئالتەشەھەر، يەتتەشەھەر نامىنىڭ ئومۇملىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ شىنجاڭ نامىنىڭ ئىزچىل ئىشلىتىلىشىگە ئىمكانىيەت بەرمىگەنىدى. ياپون ئالىمى ئوئىشى شىنئىچىرۇ نوشۇرۋان يائۇشېفنىڭ ماقالىلىرىغا يەرلىك ئۇيغۇر ئاھالىسى دەرھال ئىنكاس قايتۇرمىغان بولسىمۇ، لېكىن 1933- يىلى قەشقەر، خوتەنلەردە يۈز بەرگەن ئىنقىلابلار ۋە ئۇلار ئىشلەتكەن جۇغراپىيىلىك نام ۋە مىللەتناملىرىنى يۇقىرىدىكى تاتار جەدىتچىلىرىنىڭ ھەرىكەتلىرىنىڭ نەتىجىسى دەپ قارايدۇ㉔.

ئۇيغۇر نامىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تاتار جەدىتچىلىرى قوزغىغان يېڭىچە مائارىپ ۋە يېڭى زامان مەدەنىيىتى بىلەن ئۇچرىشىشى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. نوشۇرۋان يائۇشېفنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تاتارچە گېزىت، ژۇرناللارنىڭ كىرىشى 1910 - يىللاردىن باشلانغان بولسا كېرەك. ئۇ ئاقسۇدىكى سەپىرىدە «بۇ يەردىكى خەلق گېزىت ئوقۇمايدۇ، ئوقۇغان تەقدىردىمۇ ئۇرۇش خەۋەرلىرىنىلا كۆرىدۇ» دەپ يازغان بولسىمۇ لېكىن نېمە گېزىت ئوقۇيدىغانلىقىنى ئېنىق يازمايدۇ. قەشقەردىكى مەدەنىي ئەھۋال ھەققىدە يازغاندا «قەشقەر خەلقى ئارىسىدا گېزىت ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى كۆپەيدى» دەيدۇ-يۇ، قانداق گېزىتلارنى ئوقۇيدىغانلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق. 1916- يىلى خوتەندىن يوللىغان مەلۇماتىدا پۇتكۇل خوتەن تەۋەسىدە قۇربان ھاجى، ۋە موللا . . . دېگەن ئىككى كىشىنىڭلا گېزىت، ژۇرنال ئوقۇيدىغانلىقى، ئۇلارنىڭمۇ تېخى گېزىت، ژۇرنال ئوقۇشقا باشلىغىنىغا تۆت بەش يىل بولغانلىقىنى يازىدۇ. بۇ گېزىت- ژۇرناللارنىڭ ئىسمى ئېنىق يېزىلمىسىمۇ لېكىن ئۇلارنىڭ كۆپ بولغاندا ئۈچ تۆت خىل تاتارچە گېزىت، ژۇرنالغا يېزىلىدىغانلىقى ئېنىق يېزىلغان. دېمەك، خوتەنگە تاتار جەدىتچىلىرىنىڭ تەسىرى 1910 - يىلى يېتىپ بارغان.

شۋېت مىسسيونېرلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى پائالىيىتى 1897- يىلىدىن باشلانغان. ئۇلارنىڭ قەشقەردە رەسمىي باسمىخانا ئېچىپ تۈرلۈك تۈركىيچە باسما بۇيۇملارنى كۆپلەپ

نەشر قىلىشى 1901- يىلدىن باشلانغان بولسىمۇ لېكىن 1915 - يىلى قەشقەردە بىرەر ئايدەك تۇرغان نوشۇرۋان يائۇشېۋ بۇ ھەقتە ھېچقانداق ئۇچۇر بەرمىگەن. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن شۋېت مىسسىيونېرلىرىنىڭ شىنجاڭغا مەتبەئە بۇيۇملىرىنى ئەكىلىپ زامانىۋى تېخنىكا بىلەن دىنىي ماتېرىياللار، تارىخىي، ئەدەبىي ئەسەرلەر، تۈرلۈك دەرسلىكلەر ۋە باشقا ماتېرىياللارنى نەشر قىلىپ تارقىتىشى 1924 - يىللاردا يۇقىرى پەللىگە چىققان، بەزى كىتابلار ھەتتا قايتا - قايتا بېسىلغان، بەزى كىتابلارنىڭ تىراژى مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن. شۋېت مىسسىيونېرلىرى كۆنسېرى ئېشىۋاتقان جىددىي ئېھتىياجنى نەزەردە تۇتۇپ 1929- يىلى «كىتابى ئىلمى ئىملا» دېگەن ئىملا لۇغىتىنى تۈزۈپ نەشر قىلغان ۋە بارلىق باسما بۇيۇملارنىڭ ئىملاسى مۇشۇ قائىدە بويىچە قېلىپلاشتۇرۇلغان. ئىملا لۇغىتىدە جانلىق تىلدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىش ھادىسى ئېتىۋارغا ئېلىنماي تۈركىي تىلنىڭ ئەنئەنىسى ئۆز پېتى ساقلاپ قېلىنغان. شۇ سەۋەبلىك بۇ تىل ئۇيغۇر تىلى دەپ ئاتالماي بەلكى شەرق تۈركچىسى، ئالتەشەھەر تۈركچىسى دېگەندەكناملار بىلەن ئاتالغان. مەشھۇر ئۇيغۇرشۇناس ئالىم گۇننار ياررىڭ ئەپەندىمۇ بۇ تىلنى ئۇيغۇرچە دەپ ئاتاشقا ئىزچىل قارشى تۇرۇپ كەلگەن. بۇ ئەمەلىيەتتە سوۋېت ئىتتىپاقىدا باش كۆتۈرۈۋاتقان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەرگە ئورتاق تۈركىي تىلى ئەنئەنىسىدىن چەتنەپ يېڭى سۈنئىي تىللارنى يارىتىپ بېرىشكە قارشى ئىلىم كۆرىشىنىڭ مەھسۇلى ئىدى. شۇ سەۋەبلىك تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا خېلى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان تۈركلۈك ئىدىيىسى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە قىلىشى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدا تولۇق بەربات قىلىنغان بولسىمۇ شىنجاڭدا تاكى 1937 - يىلى شۋېت مىسسىيونېرلىرى قوغلاپ چىقىرىلغانغا قەدەر داۋاملاشتى. شۇڭا شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئۇيغۇر نامىنى رەسمىي ئېتىنىك نام سۈپىتىدە قوبۇل قىلىش خېلى ئۇزاققا سوزۇلدى.

شۇڭا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشىنى يەنىلا يەتتىسۇ ئۇيغۇرلىرى باشلامچىلىق بىلەن ياراتقان يېڭى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ بارلىققا كېلىشىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيادا مىللىي جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن پەقەت شۇ مىللەتكىلا خاس ئايرىم ئەدەبىي تىل يارىتىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلدى. چۈنكى ئۇيغۇر، ئۆزبېك خەلقلىرى ئارىسىدىكى ئەدەبىي تىل بىرلىكى تۈپەيلىدىن بۇ ئىككى خەلق ئارىسىدىكى مىللىي پەرق روشەن ئايرىلىپ چىقمىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىدا يېڭى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ مەيدانغا كېلىشى 1920- يىلى تۈنجى جۇمھۇرىيەتلىك گېزىت «كەمبەغەللەر ئاۋازى» نىڭ نەشر قىلىنىشى بىلەن باشلاندى. گېزىت يۈزىدە باشلانغان ئىملا ۋە يېزىق مەسىلىلىرى ھەققىدىكى تارتىشمىلار نەتىجىسىدە 1925- يىلى 7- ئاينىڭ 18- كۈنى ئالمۇتىدا ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ تۈنجى قېتىملىق كېڭىشى چاقىرىلدى. يىغىندا ئۇيغۇرلار شۇ چاغقىچە ئىشلىتىپ كەلگەن ئەرەب يېزىقى ئىسلاھ قىلىنىپ 27 ھەرپلىك يېڭى ئۇيغۇر يېزىقى مەيدانغا كەلگەن. بۇ تاتار جەدىتچىلىرىنىڭ تاتار يېزىقىنى ئىسلاھ قىلىشىدىن بەش يىل كېيىنكى ئىش ئىدى. بۇ سوزۇق تاۋۇشلار ئۈچۈن ئايرىم بەلگە بولماسلىق ئەھۋالىغا خاتىمە بېرىلىپ ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا غايەت زور بۇرۇلۇش

ياسىدى. هازىرقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھەمزىلىك سەككىز سوزۇق تاۋۇشنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئەنە شۇنىڭدىن باشلانغان بولسىمۇ، بۇ ھەمزىلىك سوزۇق تاۋۇشلار 1920 - يىلىدىكى تاتار يېزىقى ئىسلاھاتىدىلا پەيدا بولۇپ بولغانىدى.

1926- يىلى موسكۋادا س س س ر ئەللىرىنىڭ مەركىزىي نەشرىياتى تەرىپىدىن ئۇيغۇر ئالىمى، شائىر ئابدۇلھەي مۇھەممەدىنىڭ «ئۇيغۇرچە يېزىق يوللىرى» دېگەن كىتابى نەشردىن چىقتى. بۇ ئۇيغۇر تارىخىدىكى تۇنجى ئىملا لۇغىتى ئىدى. بۇنىڭغا ئابدۇللا روزىباقىيېف كىرىش سۆز يازغان بولۇپ، ئىملا پرىنسىپى ھەققىدە ھېچقانداق سىياسىي خاھىش ئىپتىلمىغان㉕. بەلكى يېڭىدىن يارىتىلىدىغان ئەدەبىي تىلنىڭ «پەرغانە، يەتتىسۇ، قەشقەر، غۇلجا، تۇرپان قاتارلىق جايلاردىكى خەلق ئەدەبىياتى ۋە تىل خەزىنىلىرىگە ئاساسلانغان» تىل بولۇشى كۆچەپ تەكىتلەنگەن.

نېمىشقىدۇر، شۇنىڭدىن ئىككى - ئۈچ يىل ئۆتۈپ ئابدۇلھەي مۇھەممەدىنىڭ «ئۇيغۇرچە يېزىق يوللىرى»غا ھۇجۇم باشلىنىپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملاسىنى قايتا بېكىتىش ھەققىدىكى كۈرەش باشلىنىپ كەتكەن.

1928 - يىلى سەمەرقەنتتە چاقىرىلغان پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇنجى قېتىملىق ئىملا كېڭىشىدە پۈتكۈل ئۇيغۇرلار (قەشقەر، ياركەنت، خوتەن، دولان، ئاقسۇ، ئۈچتۇرپان، قۇمۇل ھەم ئىلى ئۇيغۇرلىرى) نىڭ تىلى بىر دېگەن خۇلاسە چىقىرىلغان بولسىمۇ لېكىن ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملاسىنى قايسى پرىنسىپتا بېكىتىش مەسىلىسىدە تاكى 1930- يىلى 5- ئايدا 2- نۆۋەتلىك تىل - ئىملا قۇرۇلتىيى ئېچىلغىچە ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئوتتۇرىسىدا قاتتىق دەتالاش بولغان㉖. بۇ دەتالاش ئاساسلىقى قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغان ئاساستا يېڭى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملاسىنى مورفورولوگىيىلىك پرىنسىپ ئاساسىدا تۈزۈش بىلەن فونېتىكىلىق پرىنسىپنى ئاساس قىلغان جانلىق تىلغا تارتىش ئۈستىدە بولغان. ئابدۇلھەي مۇھەممەدى، لاتىپ ئەنسەرى، قادىر ئاشۇروف قاتارلىق زىيالىيلار مورفولوگىيىلىك پرىنسىپنى ئاساس قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرغان بولسىمۇ لېكىن كۆنسېرى كۆچىيىپ بېرىۋاتقان سىنىپىي كۈرەش ئۇلارنى ئۆز مەيداندىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر قىلغان. بۇ ھەقتىكى بەس - مۇنازىرىلەر ئۇيغۇرچە «شەرق ھەقىقتى» ژۇرنىلى بىلەن «قىزىل تۇغ» گېزىتلىرىدە بېسىلىپ تۇرغان.

1936 - يىلى ئالمۇتىدا چاقىرىلغان جۇمھۇرىيەتلەر ئارا تىل ئىملا كېڭىشىدە ئۇيغۇر ئالىمى قادىر ئاشۇروف ئۇيغۇر «تىلىنىڭ ئىملاسىنى بېكىتىشتە فونېتىكىلىق پرىنسىپ مورفولوگىيىلىك پرىنسىپنىڭ ئورنىغا دەسسىسۇن. مەن ئىلگىرى خاتا پىكىرلەردە بولغان، چۈنكى ئۇ چاغدا مەن ساۋاتسىز ئىدىم، ھازىر ئۆستۈم. . .» دەپ ئىلگىرىكى پىكرىدىن يېنىشقا مەجبۇر بولغان. چۈنكى شۇ چاغلاردا «كەمبەغەللەر ئاۋازى» گېزىتىنىڭ مۇھەررىرى ئابلىمىت غوجامبەردى قاتارلىق كىشىلەر لېنىننىڭ «تىل - سىنىپىي كۈرەشنىڭ ئۆتكۈر قورالى» دېگەن سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملاسىنى لېنىنچە يېشىش شۇئارىنى كۆچەپ توۋلىغان.

1936 - يىلىدىكى يىغىندىن كېيىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملاسىنى بېكىتىش پرىنسىپىدا تۈپلۈك ئۆزگىرىش يۈز بەرگەن. يەنى شۇنىڭغىچە ئاساسەن تۈركىي ئەدەبىي

تىلىنىڭ پرىنسىپلىرىغا نىسبىي ئەمەل قىلغان ئاساستا چىقىۋاتقان ئۇيغۇرچە گېزىت، ژۇرناللار ئومۇمىيۈزلۈك جانلىق تىلغا تارتىلغان. جانلىق تىلدىلا مەۋجۇت بولۇپ يېزىقتا ئىپادىلەنمىگەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىش ھادىسىسى ۋە شۇنىڭغىچە ئەدەبىي تىل سىرتىدا تۇرىۋاتقان شىۋە سۆزلۈكلىرى تىلدا ئومۇمىيۈزلۈك ئەكس ئېتىشكە باشلىغان. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بارلىق ئۇيغۇر مەكتەپلىرىدە ئۆتۈلىدىغان دەرسلىك كىتابلار، ئۇيغۇرچە ئەدەبىي، سىياسىي ئەسەرلەر مۇشۇ يېڭى ئەدەبىي تىل نورمىسى بويىچە نەشر قىلىنغان. نەتىجىدە يېڭى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى يېڭى مۇنتەزىم مائارىپ ئارقىلىق ناھايىتى تېزلا ئومۇملاشتۇرۇلغان.

1947 - يىلى سوۋېت ئۇيغۇرلىرى لاتىن يېزىقىدىن سلاۋيان يېزىقىغا كۆچۈش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسى يەنە بىر قېتىم قايتا بېكىتىلدى. بۇ قېتىمقى ئىملا قائىدىسى 1960- يىلى ئاتاقلىق تىلشۇناس ئالىم غوجەخمەت سەدۋاقاسوفنىڭ يېڭى ئىملا لۇغىتى ئېلان قىلىنىشى بىلەن 1947 - يىلدىن بېرى ئىشلىتىلىۋاتقان ئىملا قائىدىسى كۈچتىن قالغان㉗.

سوۋېت ئۇيغۇرلىرى نەشر قىلغان تۈرلۈك گېزىت، ژۇرناللار شىنجاڭغىمۇ كۆپلەپ تارقىلىپ تۇرغان. شېڭ شىسەي بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر مەزگىللىك دوستلۇقى جەريانىدا مۇنداق مەدەنىيەت ئالاقىلىرى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكەن. شېڭ شىسەي بىلەن خوجا نىياز ھاجىنى ياراشتۇرۇشقا ئەۋەتىلگەن سوۋېت تەرەپ مۇتەخەسسىسى، خوجانىياز ھاجىنىڭ مەسلىھەتچىسى مەشۇر روزىبېف (ۋەتەن ئوغلى) ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ نەشر ئەپكارى بولغان «شىنجاڭ گېزىتى» نى ئۆزى باشلامچىلىق بىلەن تەسىس قىلغان ۋە باش مۇھەررىرلىكىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان. شۇڭا بۇ گېزىتنىڭمۇ سوۋېت ئۇيغۇرلىرى ياراتقان يېڭى ئەدەبىي تىلدا چىقماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

بىراق، 1930 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا باش كۆتىرىپ چىققان ئىككى چوڭ سىياسىي كۈچ ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن كۈرەش تۈپەيلىدىن سوۋېت ئىتتىپاقى يارىتىپ بەرگەن يېڭىچە ئەدەبىي تىل - يېزىق ۋە ئىملا شىنجاڭدا ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتەلمىدى. شىمالىي شىنجاڭدا تاتار جەدىتچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان ئۇيغۇر، ئۆزبېك زىيالىيلىرى ياراتقان يېڭىچە مەتبۇئات چوڭقۇر يىلتىز تارتقانىدى. تۈركىي ئەدەبىي تىلىدىن ھېچقانچە يىراقلاشمىغان بۇ تىل قېرىنداش تۈركىي خەلقلەر تىلىدىكى شىۋە پەرقىنى يوقىتىش فۇنكسىيىسىگە ئىگە بولغاچقا ھەممە مىللەت ئۈچۈن ئايرىم يېزىق ۋە ئەدەبىي تىل يارىتىش زۆرۈرىيىتى قالمىغانىدى. شۇڭا 1930 - 1940 - يىللاردا ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاتار، قازاق قاتارلىق تۈركىي خەلقلەر ئەڭ كۆپ ئارلاشقان چۆچەك شەھىرىدە مەتبۇئات تىلى بۇ مىللەتلەر ئۈچۈن ئورتاق ئىدى. بۇ خەلقلەر ئارىسىدىكى قويۇق ئىجتىمائىي، مەدەنىي ئالاقە جەريانىدا ھېچقانداق تەۋەلىك تامغىسى بولمىغان چۆچەك ئورتاق تىلى مەيدانغا كەلدى. چۆچەكتە ھۆكۈم سۈرگەن ئورتاق ئەدەبىي تىل 1949 - يىلدىن كېيىن كۈچىدىن قالغان بولسىمۇ، لېكىن جانلىق ئورتاق تىل 1960- يىللاردىكى قاچ - قاچتا مىللەتلەرنىڭ نوپۇس نىسبىتىدە ئۆزگىرىش يۈز بېرىشى بىلەن ئاستا- ئاستا كۈچىدىن قالدى.

ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە ئورتاق تۈركىي ئەدەبىي تىل ئەنئەنىسىنىڭ ساقلىنىشىدا

www.uyghurkitap.com

يۇقىرىدىكى خەلقلەر ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت بىرلىكىنىڭ بۇزۇلماسلىقى، مىللىي ئاڭنىڭ تېخى شەكىللەنمىگەنلىكى، ئۈچ ۋىلايەت ھاكىمىيىتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئەنئەنىۋى دىنىي مائارىپ تەربىيىسى كۆرگەن ئېلىخان تۆرىنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرۇشى سەۋەب بولغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە غەربنىڭ زامانىۋى مائارىپ تەربىيىسىنى ئالغان مەسئۇت سەبرى باشچىلىقىدىكى ئىنقىلابچىلار ئىدىئولوگىيە ساھەسىدە سوۋېتنىڭ تەسىرىنى كۈچلۈك يەكلەيتتى. ئۇلار «ئالتاي» نەشرىياتى قاتارلىق مەتبۇئات ۋاستىلىرى ئارقىلىق ھەدەپ «تۈركلۈك» غايىسىنى تەشۋىق قىلىپ، تۈركىي خەلقلەرنى ئۇششاق گۇرۇپپىلارغا پارچىلاشقا قارشى تۇراتتى. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئۇلار ئىشلەتكەن يېزىق ۋە تىل ئارقىلىقمۇ ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. شۇۋېت مىسسىيونېرلىرى بىلەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇن تىنسىز بۇ كۈرەشتە ئاخىرى سوۋېت ئىتتىپاقى غەلىبە قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تەربىيىلىشىدىن كېيىن شىنجاڭدىكى يەرلىك ئاھالە نۇيمايلا ئۇيغۇر نامىنى ئۆزلەشتۇردى. 1936- يىلى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى خوجا نىياز ھاجىنىڭ پەرمانى بىلەن ئۇيغۇر نامىنى قوللىنىش قانۇنى كۈچكە ئىگە قىلىندى.

شۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭدا ئىشلىتىلگەن يېزىق ۋە ئەدەبىي تىل يەتتىسۇدا قېلىپلاشقان ئەدەبىي تىل يولىدا ماڭغانلىقى ئۈچۈن، بىز ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشىنى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ نەتىجىسى دەپ قارايمىز. شىنجاڭدا 1955- يىلىدىن 1957 - يىلىغىچە ئېلىپ بېرىلغان ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرىنى تەكشۈرۈشتىن كېيىن ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس بولغان مەركىزىي دىئالېكت، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئۆلچەملىك تەلەپپۇزى بولغان — ئۈرۈمچى تەلەپپۇزى بېكىتىلگەن㉘. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭدا يېزىق ۋە ئىملا جەھەتتە بىر قانچە قېتىملىق ئىسلاھاتنى باشتىن كەچۈرۈپ ئازكەم بىر ئەسىرلىك تارىخقا ئىگە بولغان ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى يەنىلا تەرەققىيات ۋە قېلىپلىشىش باسقۇچىدا تۇرىۋاتقان بولسىمۇ، بۇ يېڭى ئەدەبىي تىل پۈتكۈل دۇنيادىكى ئۇيغۇرلارنى بىر يىپقا باغلاپ تۇرماقتا.

**ئىزاھلار:**

① قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىنستىتۇتى تۈزگەن «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 1991 - يىلى ئالمۇتا «پەن» نەشرىياتى رۇسچە، 15 - بەت.

② «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىن جايلاشقان بىر تۈرك قەبىلىسى» دېيىلگەن، بىراق بۇ مەھمۇت قەشقەرى كۆرسەتكەن 20 قەبىلىنىڭ قاتارىدا يوق ، 1-توم، 187 - بەت.

③ «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 - توم 133 - بەت.

④ «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 - توم، 3 - بەت.

⑤ «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 - توم 38 - بەت.

⑥ «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 - توم، 2 -، 77 - بەتلەر.

⑦ «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 - توم، 77 - بەت.

⑧ «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 - توم 116 - بەت.

⑨ «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 - توم 618 - بەت.

⑩ «تۈركىي تىللار دىۋانى» 3 - توم 564 -، 567 - بەتلەر.

⑪ «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 - توم، 10 - بەت.

⑫ Ethel stewart [ئامېرىكا] «چىڭگىزخاننىڭ ھۇجۇمىدىن ئامېرىكىغا قاچقان تۈركلەر» 2000 - يىلى ئىستامبۇل تۈركچە نەشرى 141 - بەت.

⑬ مۇھەممەد سالىھ: «شەيبانىنامە» ، 1989 - يىلى تاشكەنت غوپۇر غۇلام نامىدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتى.

⑭ ئۆتەمىش ھاجى: «چىڭگىزنامە» ، 1992 - يىلى ئالمۇتا «ئىلىم» نەشرىياتى 130 - بەت

⑮ ئوبۇلغازى باھادۇرخان: «شەجەرەئىي تۈرك» ، 1992 - يىلى تاشكەنت چولپان نەشرىياتى نەشرى 158 -، 160 - بەتلەر.

⑯ ئا. ن. كونونوف: «شەجەرەئىي تەراكىمە» ، 1961 - يىلى.

⑰ «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى» تۈركچە «ئەلىشىر» ماددىسى 351 - بەت (زەكى ۋەلىدى توغاننىڭ ماقالىسى).

⑱ موللا مىر سالىھ كاشغەرى: «كاشغەر تارىخى» ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى (بۇ ئەسەرگە خاتا ھالدا ‹چىڭگىزنامە› دەپ ئات قويۇلغان).

⑲ چوقان ۋەلىخانوف: «ماقالە ۋە خەتلەر» ، 1956 - يىلى ئالمۇتا يېڭى ھايات نەشرىياتى، قازاقچە.

⑳ نەزەرخوجا ئابدۇسەمەت: «يورۇق ساھىللار» ، 1991 - يىلى ئالمۇتا «يازغۇچى» نەشرىياتى، 132 ~ 142 - بەتكىچە.

㉑ نەزەرخوجا ئابدۇسەمەت: «يورۇق ساھىللار» ، 1991 - يىلى ئالمۇتا «يازغۇچى» نەشرىياتى ئۇيغۇرچە نەشرى، 59 - بەت.

㉒ نادىر دەۋلەت: «1917 - يىلىدىكى ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ۋە تۈرك - تاتار مىللەت مەجلىسى» ، 1998 - يىلى ئۆتۈكەن نەشرىياتى، تۈركچە 56 -، 57 - بەتلەر.

㉓ موللا مۇسا سايرامى: «تارىخىي ھەمىدى» ، 1986 - يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇرچە 41 - بەت، 636 - بەتلەر

㉔ «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ، 2000 - يىللىق 2 - سان.

㉕ ئابدۇللا روزىباقىيېف: «خەلقىم ئۇچۇن كۆيىدۇ يۈرەك» ، 1997 - يىلى «يازغۇچى» نەشرىياتى 84 - بەت.

يۇقىرىقى كىتاب، 132 - بەت.

㉖ كوللېكتىپ توپلام: «ياڭلىۋاشتىن تۇغۇلغان ئۇيغۇر خەلقى» ، 1989 - يىلى ئالمۇتا «قازاقىستان» نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە 21 - بەت.

㉗ ئا. قايداروف، غ. سەدۋاققاسوف، پ. تالىپوفلار تۈزگەن: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» 1983- يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1 - قىسىم، 384 - بەت.

㉘ مىرسۇلتان ئوسمانوف: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى» ، 1990 - يىلى شىنجاڭ ياشلار- ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 - بەت.

تەھرىرلىگۈچى: سابىر ئەلى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

# فىنلاندىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى — كارل گۇستاف ماننېرھېم

بۇسارەم ئىمىن



دۇنيانىڭ غەربىي يۇرتنى تونۇشى شۇنداقلا غەربىي يۇرتنىڭ دۇنيانى تونۇشى بىر تۈركۈم ئىرادىلىك كىشىلەرنىڭ ئېكسپېدىتسىيە پائالىيىتى ئارقىلىق ئىشقا ئاشقان. غەربىي يۇرتقا كېلىپ قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىياللارنى، يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ۋە ئۆرپ - ئادىتىگە ئائىت خاتىرىلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن داڭلىق ئېكسپېدىتسىيىچىلەر ئىچىدە سۋېن ھېدىن، لېكوك، پىرژېۋالىسكىي، ماكارتنېي، ستەين، ئوتانى، تاچىبانا قاتارلىقلاردىن باشقا يەنە فىنلاندىيىلىك ئوفىتسېر كارل گۇستاف ماننېرھېم (Carl Gustav Mannerheim) مۇ بار.

كارل گۇستاف ماننېرھېم 1867 - يىلى چاررۇسىيە ھامىيلىقىدىكى فىنلاندىيىدە ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، چاررۇسىيە خان جەمەتى مەكتىپىدە تەربىيە ئېلىپ، ئوردىدا ئىشلىگەن. 1905 - يىلى ئېلىمىزنىڭ لياۋدۇڭ يېرىم ئارىلىدىكى رۇسىيە - ياپونىيە ئۇرۇشىغا قاتناشقان.

1906- يىلى چاررۇسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ تاپشۇرۇقىغا بىنائەن، ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق شىنجاڭغا كەلگەن. ماننېرھېم تاپشۇرۇپ ئالغان ۋەزىپە مۇنۇلار:

«شىنجاڭ، گەنسۇ، شەنشى، خېنەن، سەنشى، قاتارلىق ئۆلكىلەردە يول بويى ئەھۋال ئىگىلەپ، ھەربىي ئىشلار ستاتىستىكىسى توپلاش، بولۇپمۇ سەددىچىن سىپىلى سىرتىدىكى ئۆلكىلەرگە بەكرەك ئەھمىيەت بېرىش؛ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان جۇڭگو ھۆكۈمىتى يولغا قويغان يېڭى سىياسەتلەرنىڭ ھەرقايسى جايلاردىكى ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى ئېنىقلاش؛ دۆلەت مۇداپىئەسى ئەھۋالى، ھەربىي قىسملارنىڭ قايتا سەپلىنىش ئەھۋالى ۋە قورال - ياراغ، مەشىق ئەھۋالىنى ئىگىلەش؛ جۇڭگونىڭ بۇ رايونلاردىكى ئاھالە كۆچۈرۈش ئەھۋالىنى، مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ بۇ رايونلاردا ئېلىپ بارغان تۈزۈم ئىسلاھاتىنى تەكشۈرۈش؛ يەرلىك خەلقنىڭ ئەھۋالى، ئۇلارنىڭ مەركەز سىياسىتىگە بولغان پوزىتسىيىسى، مىللەتلەرنىڭ ئۆزئۆزىنى باشقۇرۇش ئارزۇسى، خەلقنىڭ چاررۇسىيە ۋە ياپونىيىگە بولغان قارىشى، ياپونىيە جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ مەمۇرىي تەدبىرلىرىگە قانداق تەسىرلەرنى ئېلىپ كەلدى دېگەندەك ئىشلارنى

ئېنقلاش؛ قەشقەرگە بارىدىغان يولنى تەكشۈرۈپ شۇ ئاساستا لەنجۇ، بېيجىڭغا بارىدىغان يوللارنى ئېچىش، ئاساسلىقى چارروسىيە قىسىملىرىنىڭ ھەمدە ئوخشىمىغان قوراللار بىلەن قوراللانغان مۇستەقىل قىسىمنىڭ لەنجۇغا يۈرۈش قىلالايدىغان - قىلالمايدىغانلىقىنى ئېنىقلاش»[1]. مانىرھېيم چارروسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىشتىن ئىبارەت سىياسىي غەرىزى يوشۇرۇنغان ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغاندىن سىرت، يەنە فىن - ئوگۇر ئىلمىي جەمئىيىتى، فىنلاندىيە دۆلەتلىك مۇزېيى تەييارلىق كومىتېتى ئەنتار يىغىپ ساقلاش كومىتېتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن بۇ رايونلاردا ئىنسانشۇناسلىق، تارىخ، مەدەنىيەت، تىل، ئۆرپ - ئادەتلەرنى تەكشۈرۈش، قەدىمكى ئاسار- ئەتىقىلەرنى توپلاش ۋەزىپىسىنىمۇ ئۈستىگە ئالغانىدى.

قوش ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان مانىرھېيم «ئېكسپېدىتسىيىچى» قىياپىتىدە 1906 - يىلى ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق قەشقەرگە يېتىپ كېلىدۇ. قەشقەرنىڭ شۇ چاغدىكى دوتىيى مانىرھېيمنىڭ فامىلىسىگە ماسلاشتۇرۇپ خەنزۇچە 马达汉 دەپ ئىسىم قويۇپ يول خېتى بېرىدۇ.

مانىرھېيم 1906 — 1908 - يىلغىچە بولغان ئىككى يىلدا جۇڭگونىڭ سەككىز ئۆلكىسىنى كېسىپ ئۆتۈپ، 14 مىڭ كىلومېتىردىن ئارتۇق مۇساپىنى ئاتلىق بېسىپ چىقىدۇ. ئۇ يول بويى يەر شەكلىنى ئۆلچەش، خەرىتە سىزىش، ھاۋا كىلىماتىغا دائىر سانلىق مەلۇماتلارنى خاتىرىلەش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ؛ كۆۋرۈك، ھەربىي بازىلارنى سۈرەتكە تارتىدۇ؛ جايلاردىكى ھەربىي ئەمەلدارلار بىلەن تونۇشۇپ، ھەربىي ئىشلار، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي مەسىلىلەر توغرىسىدا ئەھۋال ئىگىلەيدۇ؛ يەرلىك خەلقلەرنىڭ ئاقساقاللىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، مىللەتلەرنىڭ تارىخى، ئىجتىمائىي ئەھۋالى ھەققىدە ئۇچۇر توپلايدۇ؛ خوتەن، تۇرپان قاتارلىق جايلارنى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈپ، قەدىمىي پۈتۈك، قوليازما، كىتابلارنى يىغىدۇ ھەمدە 1400 پارچىگە يېقىن سۈرەت تارتىدۇ. بۇ سۈرەتلەر ئەينى چاغدىكى شەھەرلەرنىڭ كۆرۈنۈشلىرى، تەبىئەت مەنزىرىلىرى، ھەر مىللەت كىشىلىرى، ئۆرپ- ئادەت رەسىملىرى بولۇپ، زور تارىخىي قىممەتكە ئىگە.

1908 - يىلى مانىرھېيم ئېكسپېدىتسىيە پائالىيىتىنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى بولغان بېيجىڭغا كېلىپ بىر ئاي تۇرۇپ، توپلىغان ماتېرىياللىرىنى رەتلەپ، «پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ پەرمانى بىلەن جۇڭگو تۈركىستانى ۋە جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى رايونلارنى بېسىپ ئۆتۈپ بېيجىڭغىچە بارغان سەپەر ھەققىدىكى دەسلەپكى تەكشۈرۈش دوكلاتى»نى تەييارلاپ، چارروسىيە ھەربىي ئىشلار مىنىستىرلىكىگە سۇنىدۇ. ئۇنىڭ بۇ دوكلاتى 173 بەتتىن ئاشىدۇ. دوكلاتتىن باشقا شىنجاڭدىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە بارىدىغان مۇھىم قاتناش يوللىرى، تاغ - دەريالار، شەھەرلەرنىڭ جايلىشىشىغا دائىر نەچچە ئون پارچە خەرىتە، مۇناسىۋەتلىك ئۆلكىلەرنىڭ تارىخ - جۇغراپىيىسى، سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي ئىشلارغا دائىر ئەھۋالى، مىللەتلەر ھەققىدىكى مەلۇماتى بار ئىدى[2].

مانىرھېمنىڭ دوكلاتى چارروسىيىنىڭ ئېلىمىزگە تاجاۋۇز قىلىش ئېھتىياجىغا ماس كەلگەن بولۇپ، چار پادىشاھ نىكولاي II ۋە چارروسىيە ھەربىي ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشكەن. بۇ دوكلات 1909 - يىلى چارروسىيە ھەربىي ئىشلار

مىنىستىرلىكى ھەربىي ژۇرنىلىنىڭ 81 ـ سانىغا بېسىلغان. بۇ دوكلات مەخپىي ھۆججەت بولۇپ 80 يىلغا يېقىن پىچەتلەنگەنىدى، 1988 ـ يىلى ئالمۇتا نەشرىياتى نەشر قىلغان «چارروسىيە ساياھەتچىلىرىنىڭ نەزەرىدىكى شىنجاڭ» دېگەن كىتابنىڭ قوشۇمچە ماتېرىيالى سۈپىتىدە ئاساسىي مەزمۇنى ئېلان قىلىندى. بۈگۈن بۇ ماتېرىيال چارروسىيەنىڭ ۋەتىنىمىزگە تاجاۋۇز قىلىش قارا نىيىتىنىڭ ئىسپاتىغا ئايلاندى③.

مانېرھېيم سەپىرىدىن قايتقاندىن كېيىن، كېيىنكى ئۆمرىنى فىنلاندىيە خەلقىنىڭ ئازادلىق، مۇستەقىللىق ئىشلىرى ئۈچۈن ئاتايدۇ. ئۇنىڭدا ھەربىي ئىشلار مۇتەخەسسىسىگە، سىياسىيونلارغا خاس قابىلىيەت بار ئىدى. فىنلاندىيە ھەر قېتىم خەتەر ئىچىدە قالغاندا ئۇ كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، فىنلاندىيىنىڭ كەلگۈسى مەنپەئىتى نۇقتىسىدا تۇرۇپ، فىنلاندىيىنى تىنچ يول بىلەن مۇستەقىل بولۇش يولىغا يېتەكلەيدۇ. ئۇ 1942 ـ يىلى دۆلەت بويىچە ئەڭ يۇقىرى شەرەپكە يەنى مارشال دېگەن شەرەپكە ئېرىشىدۇ. 1944 ـ يىلى 77 ياشقا كىرگەندە فىنلاندىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ زۇڭتۇڭلۇقىغا سايلىنىدۇ. 1946 ـ يىلى كېسەل سەۋەبىدىن پېنسىيىگە چىقىدۇ. 1951- يىل 1 ـ ئايدا 84 يېشىدا شۋېتسارىيىدە ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

مانېرھېيمنىڭ تەكشۈرۈش پائالىيىتى گەرچە سۆزىن ھېدىن، ستەيىنلەردەك داڭلىق بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ غەربىي يۇرتنىڭ جەمئىيەت، مىللەت، ئانتروپولوگىيە، جۇغراپىيە، ئارخېئولوگىيە جەھەتتىكى تەكشۈرۈش نەتىجىلىرى ئوخشاشلا مۇھىم تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇ غەربىي يۇرتقا سىياسىي ۋە ئىلمىي تەكشۈرۈشتىن ئىبارەت قوش ۋەزىپە بىلەن كەلگەن بولۇپ، ئۇ قالدۇرۇپ كەتكەن ئىلمىي تەكشۈرۈش خاتىرىلىرى ھەتتا چارروسىيە ھەربىي ئىشلار مىنىستىرلىكىگە تاپشۇرغان جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىش ھەققىدىكى تەكشۈرۈش دوكلاتىمۇ تارىخىي نۇقتىدىن ئالغاندا قىممەتلىك ھۆججەت ھېسابلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن ئەينى چاغدىكى مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىي رايونلىرى بىلەن شىنجاڭنىڭ تارىخ، جەمئىيەت، جۇغراپىيە، مىللەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەھۋالىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ.

1911 ـ يىلى مانېرھېيم فىن ـ ئوگۇر ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ژۇرنىلىدا مىللەتشۇناسلىق جەھەتتىكى تەكشۈرۈش ماقالىسى «يۇغۇرلار يۇرتىغا زىيارەت»نى ئېلان قىلدى. 1940 ـ يىلى بۇ جەمئىيەت مانېرھېيمنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىنى رەتلەپ، «مانېرھېيمنىڭ 1906 — 1908 ـ يىللىرى ئاسىيانى غەربتىن شەرققە كېسىپ ئۆتۈشى» دېگەن ئەسەرنى، 1990 ـ يىلى «مانېرھېمنىڭ 1906 — 1908 ـ يىللىرى غەربىي يۇرتنى تەكشۈرۈشتىكى فوتو سۈرەتلىرى توپلىمى»نى نەشر قىلدى. بۇ توپلامغا مىڭ پارچىدىن ئارتۇق سۈرەت ئىچىدىن ئەڭ ئېسىل 87 پارچىسى كىرگۈزۈلگەن.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار

①②③ ما داجېڭ: «مانېرھېمنىڭ غەربىي يۇرتنى تەكشۈرۈش خاتىرىسى» جۇڭگو مىللەتلەر فوتو سۈرەت- سەنئەت نەشرىياتى، 2002 ـ يىل 1 ـ نەشرى، 39 ـ، 245ـ، 253ـ بەتلەر.

تەھرىرلىگۈچى: ئەخمەت روزى توغرۇل

www.uyghurkitap.com

# ئىككى ئەسىرلىك تارىخنىڭ شاھىدى —
# كۈرە قەدىمىي شەھىرى


## رۇخسارى تۇرسۇن

(ئىلى ئوبلاستلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىدىن)


چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتقاندىن كېيىن، 1762 - يىلى ئىلىغا ئىلى قاتارلىق جايلارنى بىرتۇتاش باشقۇرىدىغان جاڭجۈن قويدى. جاڭجۈن — شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ تەڭرىتاغنىڭ شىمالى بىلەن جەنۇبى ھەم بالقاش كۆلىنىڭ شەرق، جەنۇب تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ رايونلارنى بىرتۇتاش ئىدارە قىلىدىغان ئالىي ھەربىي - مەمۇرىي ئەمەلدار بولۇپ، دەسلەپتە سۈيدۈڭگە يەنى ھازىرقى قورغاس ناھىيىسىنىڭ سۈيدۈڭ بازىرىغا ئورۇنلاشتى، 1764 - يىلى كۈرەگە يەنى ھازىرقى قورغاس ناھىيىسىنىڭ كۈرە يېزىسىغا كۆچۈرۈپ كېلىندى. مانا بۇ تارىختا نامى بار كۈرە قەدىمىي شەھىرى.

كۈرە قەدىمىي شەھىرى كونا شەھەر ۋە يېڭى شەھەر دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. كونا شەھەر 1763 - يىلى بىنا قىلىنغان. بۇ شەھەر ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا جايلاشقان بولغاچقا، دەرياغا كەلكۈن كەلگەندە كەلكۈننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، تەڭدىن تولىسى بۇزۇلۇپ كەتكەن. چارروسىيە 1871- يىلى ئىلىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، كونا شەھەرنى تۈپتۈز قىلىۋەتتى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئىلىنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، 1882 - يىلى كونا شەھەرنىڭ شىمالىغا 7.5 كىلومېتىر كېلىدىغان جايغا كونا شەھەرگە ئوخشىتىپ يېڭى شەھەر بىنا قىلدى. 10 يىل داۋام قىلغان يېڭى شەھەر قۇرۇلۇشى 1893- يىلى پۈتتى.

كۈرە قەدىمىي شەھىرىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى دائىرىسى شىمالدىن جەنۇبقا ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن ئىككى كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى تەخمىنەن بىر كىلومېتىر ئىدى. شەھەر سېپىلىنىڭ ئېگىزلىكى 4.5 مېتىر، ئايلانمىسى 4.5 كىلومېتىر كېلەتتى. شەھەرنىڭ تۆت تەرىپىدە تۆت قوۋۇق بار ئىدى، ئۇزۇنىغا ۋە توغرىسىغا ياسالغان تۆت چوڭ كوچا بۇ قوۋۇقلارغا تۇتىشاتتى، شەھەر ئىچىدە 48 تار كوچا بار ئىدى. شەھەر ئىچى قوڭغۇراق راۋىقىنى مەركەز قىلغانىدى، قوڭغۇراق راۋىقى ئۈچ قەۋەتلىك بولۇپ، ئاستىنقى قەۋىتى خىش ۋە



تاشتىن ياسالغانىدى، 2 ـ، 3 ـ قەۋەتلىرى ياغاچ قۇرۇلمىلىق بولۇپ، ھەيۋەتلىك، كۆركەم ياسالغانىدى، راۋاقنىڭ ئەگمە لەمپىلىرىدىكى ياغاچلارغا گۈل، نەقىش قويۇلغانىدى.

كۇرە قەدىمىي شەھىرى ئاساسەن ھەربىي قوشۇن تۇرىدىغان قەلئە بولۇپ، دەسلەپكى چاغلاردا 20 مىڭغا يېقىن لەشكەر تۇرغان، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغا كەلگەندە 5000 لەرگە چۈشۈپ قالغان. شەھەر ئىچىدە مانجۇلاردىن سەككىز خوشۇن، شىبەلەردىن سەككىز خوشۇن ئەسكەر تۇرغان، شەھەر ئىچىدە خەنزۇ ئەسكەرلەرمۇ بولغان. شەھەر سىرتىدىكى تۆت بارگاھتا سەككىز خوشۇن ئەسكەر (تەخمىنەن 1500 ئادەم) تۇرغان. شەھەردە ھەربىي قوشۇندىن سىرت، ئىچكى ئۆلكىلەردىن كەلگەن سودىگەرلەر (ئاساسەن خەنزۇ سودىگەرلەر) مۇ بولۇپ، ئۇلار دۇكان ئېچىپ ئۇششاق تىجارەت بىلەن شۇغۇللىناتتى. جاڭجۈن مەھكىمىسى بۇ سودىگەرلەر ئۈچۈن ئۆي سېلىپ بەرگەنىدى، 40 كورپۇس ئۆينى دۇكان قىلىشقا ھەقسىز بەرگەن ھەم ئۇلارنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەردىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى ئېلىپ كېلىشىگە رۇخسەت قىلغانىدى. بۇنىڭدىن سىرت، ئىچكى ئۆلكىلەردىن مەھكىمە خىراجىتى بىلەن پۇقرا يۆتكەپ كەلگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن كۇرە شەھىرىدىكى پۇقرالار ئائىلىسى بارا ـ بارا كۆپىيىپ 7000دىن، جان سانى 10 مىڭدىن ئاشقانىدى. شەھەر ئىچىدە كىيىم تىكىش دۇكىنى، ئاشخانا، قىمارخانا، ئەپيۇن بازىرى ۋە يوشۇرۇن پاھىشىخانىلار بار ئىدى. ئۇيغۇرلار ئاساسەن شەھەر سىرتىغا ئولتۇراقلاشقانىدى. ئۇلار ئەتتىگەندە شەھەر قوۋۇقى ئېچىلغاندا شەھەرگە كىرىپ، يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىپ ۋە كۈندىلىك تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى سېتىۋېلىپ، قوۋۇقلار تاقىلىشتىن بۇرۇن چىقىپ كېتەتتى.



كۇرەدىكى قوڭغۇراق راۋىقى

1911 ـ يىلى شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى ئاغدۇرۇلۇپ جۇڭخۇا مىنگو قۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن 150 يىل دەۋر سۈرگەن ئىلى قاتارلىق جايلارنى بىرتۇتاش ئىدارە قىلغان جاڭجۈندىن ئىبارەت چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئالىي ھەربىي ـ مەمۇرىي ئەمەلدارى ئەمەلدىن قالدى. ئەمما ئىلى جاڭجۈن مەھكىمىسى ئورۇنلاشقان كۇرە شەھىرى ئىلىنىڭ باسقاق قوماندانى چيۇ زۇڭجۈن (شىڭ شىسەينىڭ قېيىنئاتىسى) 1935 ـ يىلى قوماندانلىق شتابىنى غۇلجىغا كۆچۈرۈپ كەتكۈچە بولغان ئارىلىقتا يەنىلا ھەربىي ـ مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭ باش شتابى

جايلاشقان ئورۇن بولۇپ كەلدى. 1944 - يىل 11 - ئايدا گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغان چاغدىمۇ كۈرە گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ مۇھىم تايانچ بازىلىرىدىن بىرى ئىدى.



كۈرەدىكى جاڭجۈن مەھكىمىسىنىڭ دەرۋازىسى

كۈرە قەدىمىي شەھىرى 18 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 20 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان ئىككى ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت مابەينىدە ئىلىدا كۆتۈرۈلگەن ئۈچ چوڭ تارىخىي ۋەقەنىڭ شاھىدى بولدى:

1. ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭى

19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرىنىڭ زۇلمىغا قارشى قوزغالغان ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭى 1864 - يىلى 10 - ئاينىڭ 13 - كۈنى كېچىسى باشلاندى. قوزغىلاڭچىلار غۇلجا شەھرىنى ئالغاندىن كېيىن، سۇمۇل (ھازىرقى چاپچال ناھىيىسى)، ياماتۇ، قاش، نىلقا قاتارلىق جايلارغا يۈرۈش قىلدى، 1866 - يىل 1 - ئاينىڭ 29 - كۈنى باياندايىنى ئالدى. ئىلى جاڭجۈن مەھكىمىسى ئورۇنلاشقان مۇستەھكەم قەلئە — كۈرەنى بولسا، 1867 - يىل 6 - ئاينىڭ بېشىدا ئالدى.

19 - ئەسىردە ياشىغان ئاتاقلىق شائىر موللا بىلال موللا يۈسۈپ (1825 — 1900) «غازات دەر مۈلكى چىن» ناملىق مەشھۇر تارىخىي داستانىدا بىزنى ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭى توغرىسىدا مۇھىم تارىخىي ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. داستاندا بايان قىلىنىشىچە، قوزغىلاڭچىلار كۈرەگە ھۇجۇم قىلىشتىن ئىلگىرى كۈرەدە قەھەتچىلىك يۈز بېرىدۇ، جاڭجۈننىڭ سۈيدۈڭدىن ئاشلىق ئالدۇرغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان قوزغىلاڭچىلار كۈرەگە ئېلىپ كېتىۋاتقان 100 ھارۋا ئاشلىقنى قولغا چۈشۈرىدۇ. ئاچارچىلىققا چىدىماي سۈيدۈڭگە بېرىش ئۈچۈن كۈرەدىن قېچىپ چىققانلارنىڭ كۆپىنچىسى يولدا قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن يوقىتىلىدۇ. ئاندىن كېيىن، ئەمىر ئەلاخان باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار كۈرە شەھىرىنىڭ شىمال تەرەپ شەھەر سىرتىدىكى ساندۇڭ جاڭزا دېگەن يەرگە ھۇجۇم قىلىپ، 1867 - يىل 5 - ئاينىڭ 27 - كۈنى بۇ يەرنى ئالىدۇ ۋە كۈرەگە ھۇجۇم باشلايدۇ. كۈرە سېپىلى مۇستەھكەم بولغاچقا، قوزغىلاڭچىلار باتۇرلۇق بىلەن ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، سېپىل ئىچىگە كىرەلمەيدۇ. قوزغىلاڭچىلار رەھبەرلىرى سېپىلنى پارتلىتىش ئۈچۈن يەنە سادىر پالۋانغا مۇراجىئەت قىلىدۇ. سادىر پالۋان بۇنىڭدىن بىر يىل بۇرۇن بايانداي سېپىلىنى بۇزغاندەك، ئۈچ ئوغلى بىلەن سېپىل ئاستىدىن لەخمە كولاپ، سېپىل ئاستىغا پارتلاتقۇچ دورا قويۇپ، پىلتىگە ئوت يېقىپ دورىنى پارتلىتىپ، سېپىلدىن چوڭ شورا ئاچىدۇ. قوزغىلاڭچىلار مۇشۇ شورىدىن كىرىپ، جاڭجۈننىڭ سەركەردە - لەشكەرلىرى-

www.uyghurkitap.com

نى يەر چىشلىتىدۇ. مەنسىپىدىن قالدۇرۇلغان كونا جاڭجۈن چاڭ چىڭ ئەسىرگە چۈشىدۇ، يېڭى جاڭجۈن مىڭ شۈ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن قورال - ياراغ ئامبىرىدا ئوت قويۇپ ئۆلۈۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كۈرە شەھىرى قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىغا ئۆتىدۇ.

2. ئىلى شىنخەي ئىنقىلابى

1911 - يىل 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى شىنخەي ئىنقىلابى پارتلاپ، چىڭ سۇلالىسى هاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، 1912 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى نەنجىڭدا جۇڭخۇا مىنگو ۋاقىتلىق هۆكۈمىتى قۇرۇلدى. بۇ ئىنقىلابنىڭ تۈرتكىسىدە 1912 - يىل 1 - ئاينىڭ 7 - كۈنى كەچتە ئىلى قۇرۇقلۇق ئارمىيە يانداش قومانداننى ياڭ زەنشۇ باشچىلىقىدىكى ئىنقىلابىي ئارمىيىدىكىلەر قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئىلىنىڭ مەركىزى كۈرەنى مۇداپىئە قىلىپ تۇرغان چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنى تېز ئارىدا بىتچىت قىلىپ، كۈرە شەھىرىنى ئىشغال قىلدى. ئۇلار ئىلى جاڭجۈنى جى رۇينى ئېتىپ ئۆلتۈردى ۋە خەنزۇ، مانجۇ، موڭغۇل، مۇسۇلمان، زاڭزۇدىن ئىبارەت بەش مىللەتنىڭ بىللە ئىلگىرىلەش ئۇيۇشمىسىنى قۇردى. 1 - ئاينىڭ 8 - كۈنى جۇڭخۇا مىنگو شىنجاڭ ئىلى باش تۇتۇق مەھكىمىسى قۇرۇلدى. گۇاڭ فۇ تۇتۇقلۇققا، ياڭ زەنشۇ باش قوماندانلىق شتابىنىڭ قوماندانلىقىغا بەلگىلەندى. شۇنىڭ بىلەن چىڭ سۇلالىسى هۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى هۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بېرىلدى.

3. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى

ئىلى جاڭجۈن مەھكىمىسى جايلاشقان كۈرە قەدىمىي شەھىرىنىڭ سېپىلى ئېگىز ھەم قېلىن بولۇپ، ساقلاش ئاسان، ھۇجۇم قىلىش تەس ئىدى. 1942 - يىلى كۈرە ھەربىي تايانچ پونكىتقا ئايلىنىپ ھەربىي كۈچ كۈچەيتىلدى. 1944 - يىلى ئىككى لىيەن ئاتلىق ئەسكەر ئاقسۇدىن يۆتكىلىپ چىقىپ كۈرەگە ئورۇنلاشتى. 600 نەچچە كىشىلىك مەجرۇھلار قىسمىمۇ بۇ يەرگە ئورۇنلاشتى. بۇلاردىن سىرت، كۈرەدە جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئېلىپ كېلىنگەن 600 نەچچە ئۇيغۇر ياللانما ئەسكەر بارئىدى. 1944 - يىل 11 - ئايدا ئىلى پارتىزانلىرى قورچاق ئىلى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنى ئېلىش ئالدىدا، سومۇل ئارقىلىق كۈرەگە قېچىپ كەلگەن قورچاق ئىلى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى گاۋ ۋېي باشلاپ كەلگەن 60چە ساقچى ۋە بىرقانچە مەمۇرىي ئەمەلدار، 12 - ئاينىڭ 26 - كۈنى سۇيدۇڭ ئازاد قىلىنغاندا سۇيدۇڭدىن قېچىپ چىققان گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ 30 نەچچە ھەربىي ئەمەلدارى ۋە ئۇلارنى مۇھاپىزەت قىلىپ كەلگەن بىر بەن قوراللىق ئەسكەرمۇ ئۇلارغا قوشۇلدى.

1944 - يىل 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى غۇلجىدا ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندا كۈرە ياشلىرى ۋە زىيالىيلىرىدىن توختى ئىبراھىم باشچىلىقىدا 22 كىشىلىك مەخپىي ئىنقىلابىي گۇرۇپپا قۇرۇلدى. 12 - ئاينىڭ 15 - كۈنى يۇرت ئاقساقاللىرىدىن تەركىب تاپقان ھەربىي ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئابدۇللا سۇلتان كوماندىرلىقىدا مەخپىي گۇرۇپپا ئەزالىرىنى ئاساس قىلغان 30 كىشىلىك كۈرە پارتىزانلار ئەترىتى قۇرۇلدى. بۇ ئەترەت كېچە - كۈندۈز تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق سېپىل ئۈستىدە قاراۋۇللۇق قىلىۋاتقان 40تەك ئۇيغۇر ياللانما ئەسكەرنى

قورال - ياراغلىرى بىلەن قولغا كەلتۈرۈپ قوراللىنىپ، ئىلى پارتىزانلىرىنىڭ كۈرەگە ھۇجۇم قىلىشىغا ئىچكى جەھەتتىن ماسلاشتى.

ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت پارتىزانلار قوماندانلىق باش شتابى 12 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئىسھاقبەگ مونونوفنى سۈيدۈڭ ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلىشقا قاتناشقان بىر قىسىم پارتىزانلارنى باشلاپ، كۈرەگە ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇدى. 12 - ئاينىڭ 28 - كۈنى موگوتنوف، نوغايبايوف ئەترەتلىرى كۈرە سېپىلىغا ئۈچ نۆۋەت قاتتىق ئوق ياغدۇردى. بىگۇناھ خەلقنىڭ قېنىنى تۆكۈلمەسلىكى كۆزدە تۇتۇلۇپ، كۈرەنى تېنچ يول بىلەن ئازاد قىلىش يولىدىكى تىرىشچانلىق ئۈنۈم بەرمىگەندىن كېيىن، ئىسھاقبەگ مونونوفنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئىلى پارتىزانلىرى 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى كۈرە سېپىلىغا شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىدى. كۈرە ئېلىنغاندىن كېيىن، گاۋ ۋېي بىلەن گومىنداڭ ئامانلىق ساقلاش 4 - ئاتلىق پولكىنىڭ كوماندىرى چېن زىلياڭنىڭ بىرى - بىرنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەنلىكى مەلۇم بولدى. كۈرەنى ئازاد قىلىش داۋامىدا گومىنداڭنىڭ ھەربىي - ساقچىلىرى بولۇپ 1000دىن ئارتۇق ئادىمى يوقىتىلدى، 6000دىن ئوشۇق مىلتىق، 200دىن ئارتۇق ئېغىر - يېنىك پىلىموت، 10 نەچچە زېنىت توپ ۋە يېنىك زەمبىرەك، ئۈچ ئامبار ئوق - دورا غەنىيمەت ئېلىندى.

كۈرەنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىمۇ خېلى تەرەققىي قىلغانىدى. 1910 - يىل 3 - ئايدا كۈرەدە قوماندان ياڭ زەنشۇ بىلەن بىر مەسلەكداش فېڭ تىيمىننىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە «بەيخۇاباۋ» گېزىتى نەشر قىلىندى. 1910 - يىل 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى كۈرەدە ئابدۇقېيۇم ئەپەندىنىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە ئۇيغۇرچە «ئىلى ۋىلايىتىنىڭ گېزىتى» نەشر قىلىندى. بۇ شىنجاڭ بويىچە ئۇيغۇرچە تۇنجى چىققان گېزىت ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، كۈرەدە يەنە 1912 - يىل 2 - ئايدىن تارتىپ چىقىرىلغان خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە «يېڭى ئىلى گېزىتى» (ئۇيغۇرچىسىنىڭ باش مۇھەررىرى ئابدۇقېيۇم ئەپەندى)، 1919 - يىلى ھۈسەيىنبەگ، پازىل يۇنۇسلارنىڭ مەسئۇللۇقىدا نەشر قىلىنغان «ھۆرسۆز» گېزىتى، 1930 - يىلدىن تارتىپ چىقىشقا باشلىغان «ئىلى دەرياسى گېزىتى» قاتارلىق گېزىتلەر نەشر قىلىندى. كۈرەدە ئېچىلغان ئۇيغۇر مەكتەپلىرىدىن 1910 - يىلدىن بۇرۇن ئېچىلغان يېڭى مەھەللە مەكتىپى، 1919 - يىلى ياربويىدا ئېچىلغان شۆتاڭ (بىلىم يۇرتى) 1934 - يىلى سېلىنىشقا باشلاپ 1935 - يىلى پۈتكەن «نۇرىيە» مەكتىپى قاتارلىقلار بار.

كۈرەدىكى قوڭغۇراق راۋنقى ئازادلىقتىن كېيىن ئىككى قېتىم رېمونت قىلىندى. بۇ راۋاق ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورۇنلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. كۈرەدە يەنە ئىلى جاڭجۈن مەھكىمىسى مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى قاتارىدا ساقلاپ قېلىندى. مەھكىمە قورۇسى ئىچىدە زال، ئايلانما زال ۋە كۆركەم «جاڭجۈن شىپىڭى» بار. ئىلگىرى جاڭجۈن مەھكىمىسى دەرۋازىسى ئالدىدىكى بىر جۈپ تاش شىر قورۇ ئىچىگە يۆتكەلدى.

تەھرىرلىگۈچى: غوجائەخمەت يۇنۇس

www.uyghurkitap.com

«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى . سوت تەزكىرىسى» دىن

# ئىككىنچى قىسىم

# سوت تۈزۈمى

## I باب چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى ئەدلىيە - دەۋا تۈزۈمى

### 1 § . چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى ئەدلىيە تۈزۈمى

#### 1 . مەمۇرىيەت بىلەن ئەدلىيىنى بىرلەشتۈرۈش

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئوردىدا سوت ئىشلىرىغا مەسئۇل مەخسۇس ئاپپارات تەسىس قىلىنغان، يەرلىكتە سوت ئىشلىرىغا مەسئۇل مەخسۇس ئاپپارات تەسىس قىلىنمىغانىدى. ئەدلىيە ئىشلىرىنى ناھىيە ياmۇلىنىڭ باش مەمۇرىي ئەمەلدارى قوشۇمچە باشقۇرغانىدى، دېمەك مەمۇرىيەت بىلەن ئەدلىيىنى بىرلەشتۈرۈش تۈزۈمى يولغا قويۇلغانىدى.

شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، ئىلى جاڭجۈنى ھەربىي ۋە مەمۇرىي ھوقۇقنى تەڭ يۈرگۈزۈپ، ئەدلىيە ئىشلىرىنى قوشۇمچە باشقۇردى. قارىمىقىدىكى ئەمەلدارلاردىن پۇقرالار قۇتادغۇ مەھكىمىسىنىڭ بىر ئەمەلدارى توققۇز شەھەرنىڭ چارۋىچىلىق، كۆمۈر كان، باج- سېلىق، ئۆي ئىجارىسى، يەر ئىجارىسى، پۇل قۇيۇش ئىدارىسى زاۋۇتىنىڭ ئىشچىلىرى ۋە سودىگەرلەرگە، يېشىل تۇغلۇقلار بارگاھىدىكى ئوغرىلىق قاتارلىقلارغا چېتىلىدىغان دەۋا دېلولىرىنى بىجىردى؛ كېڭەش مەھكىمىسىنىڭ بىر ئەمەلدارى ئىككى شەھەردىكى مانجۇلار بارگاھىغا تەۋە ھەرقايسى قەبىلىلەردىكى ئوغرىلىق، قېچىپ كېتىش دېلولىرىنى ۋە خوشۇن پۇقرالىرىغا چېتىشلىق دېلولارنى باشقۇردى؛ يەنە تۆت سەييارە ئامبال قويۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدىكى كۇرە ئامبىلى تۇرمە ئىشلىرىنى مەخسۇس باشقۇردى.

1884 - يىلى ئۆلكە قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭدا ئۈرۈمچى - باركۆل ۋىلايىتى قوشۇمچە تەپتىش ياmۇلى پۈتۈن شىنجاڭدىكى جىنايى ئىشلار، ھەق تەلەپ دېلولىرىنى بىرتۇتاش تەكشۈرۈشكە مەسئۇل بولدى، جايلاردىكى ۋالىيلار، ئايماقدارلار، ئامباللار ئەدلىيە ئىشلىرىنى قوشۇمچە باشقۇردى.

#### 2 . سوت دەرىجىسى

شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، ئىلى جاڭجۈنىنىڭ قول ئاستىدىكى ئەدلىيە ئەمەلدارى سوت ۋە تۈرمە ئىشلىرىنى باشقۇرغاندىن سىرت، جاڭجۈنىنىڭ ئۆزىمۇ چوڭ - چوڭ قاتىللىق دېلولىرىنى سوت قىلىپ بىر تەرەپ قىلدى. مەسىلەن: جىياچىڭ 4 - يىلى (1799- يىل) 6 - ئايدا ئىلى جاڭجۈنى باۋ نىڭ تۇرغۇت ئائىلىسىنىڭ قۇلى سەنجىگە قىيما - چىيما قىلىپ ئۆلتۈرۈش جازاسى بېرىپ، خانغا مەلۇم قىلىپ تەستىق ئالغانىدى (ئايال خوجىدار، تۇل خوتۇن بەگمۇققا باسقۇنچىلىق قىلماقچى بولغاندا بەگمۇق قارشىلىق قىلغاچقا، ئۇنى بوينىدىن قايرىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن).



1884 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلۇپ باش مۇپەتتىش قويۇلدى، ئۇ ئۆلكىنىڭ ئالىي ئەمەلدارى

بولۇپ، پۈتۈن ئۆلكىنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ئىشلىرىنى باشقۇردى. يەنە ئىلى جاڭجۇنى ئىلى، تارباغاتايلارنىڭ چېگرا مۇداپىئەسىگىلا مەسئۇل بولدى، مەمۇرىي ئىشلار بىلەن ئەدلىيە ئىشلىرىنى قوشۇمچە باشقۇرمىدى.

شىنجاڭنىڭ يەرلىك سوت ئىشلىرى تۆت دەرىجىگە ئايرىلدى، ئايماق، ناھىيىلەر 1 - سوت دەرىجىسى بولدى، ئامبال دەررىلەش، كالتەكلەش قاماق جازاسى بېرىشكە ھوقۇقلۇق بولدى؛ مەھكىمە 2 - سوت دەرىجىسى؛ ئۆلكىلىك تەپتىش مەھكىمىسى 3 - سوت دەرىجىسى بولدى؛ ئۆلكىنىڭ باش ھەربىي ۋالىيسى، باش مۇپەتتىشى 4 - سوت دەرىجىسى بولدى. ئۆلكە تەپتىشى ۋە باش مۇپەتتىش جىنايەت ئۆتكۈزگەن يەرلىك ئەمەلدارلارنى سوت قىلىشقا ھوقۇقلۇق بولدى(سۈرگۈن قىلىش جازاسىدىن يۇقىرى جازاغا لايىق جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەر جازا پىرقىسىنىڭ سوت قىلىشىغا يوللاندى) . يۇقىرى دەرىجىلىك ئەدلىيە ئورگىنى نارازىلىق ئەرزلەرنى قوبۇل قىلىش ۋە تۆۋەن دەرىجىلىك ئەدلىيە ئورگىنىنىڭ ھۆكۈمىنى تەكشۈرۈشكە، رەت قىلىپ قايتا سوت قىلىشقا قايتۇرۇشقا ھوقۇقلۇق بولدى. چوڭ - چوڭ دېلولارنى جازا پىرقىسى، باش ئەدلىيە دىۋانى، باش تەپتىش مەھكىمىسىدىن تەشكىللەنگەن «ئۈچ مەھكىمە» سوت قىلدى، ئۇ ئەڭ ئالىي سوت دەرىجىسى بولدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئەمەلدارلىق تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىنىپ، جازا پىرقىسى قانۇن پىرقىسىغا ئۆزگەرتىلىپ، مەخسۇس ئەدلىيە مەمۇرىيىتىنى باشقۇردى؛ باش ئەدلىيە دىۋانى باش ئەدلىيە مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلىپ، مەملىكەت بويىچە ئالىي سوت ئورگىنى بولدى؛ يەرلىكتە يۇقىرى سوت نازارىتى، يەرلىك سوت نازارىتى، باشلانغۇچ سوت نازارىتى تەسىس قىلىنىپ، ئۈچ دەرىجىلىك سوت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. ئۆلكىدە يۇقىرى سوت نازارىتى، ئۈرۈمچىدە يەرلىك سوت نازارىتى، باشلانغۇچ سوت نازارىتى قۇرۇلدى. بىر نەچچە ئايدىن كېيىن، باش مۇپەتتىش يەڭ داخۋا ئۇلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، كونا تۈزۈمنى ئەسلىگە كەلتۈردى.

## 3 . مانجۇلار بەھرىمەن بولىدىغان ئەدلىيە ئىمتىيازى

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە جىنايەت ئۆتكۈزگەن مانجۇلارنىڭ دېلوسىنى ئادەتتىكى ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ سوت قىلىش ھوقۇقى يوق ئىدى، ئۇنى مانجۇلارنى باشقۇرىدىغان ئەدلىيە ئورگىنى سوت قىلاتتى. جىنايەت ئۆتكۈزگەن مانجۇلارنى جازالاشتا «دەرىجىسىنى كېمەيتىش» كە، «باشقىچە جازا بېرىش» كە بولاتتى، ئوغرىلىق جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلەر يۈزىگە خەت چېكىشتىن كەچۈرۈم قىلىناتتى؛ مانجۇلار بارگاھىدىكى سەركەردە - چېرىكلەر قېچىپ كېتىش جىنايىتى ئۆتكۈزسە قامچىلاش جازاسىلا بېرىلىپ، تۈرمىگە قاماش، سۈرگۈن قىلىش، پالاش جازاسى بېرىلمەيتتى.

## 4 . ئەمەلدارلارنى سوتلاشنى خانغا ئىلتىماس قىلىش تۈزۈمى

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، ئەدلىيە ئورگانلىرى قوبۇل قىلغان ئەمەلدارلارنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش دېلولىرىنى سوت قىلىش ۋە ھۆكۈم چىقىرىشتىن ئىلگىرى، خاننىڭ تەستىقىنى ئېلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغانىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا چىڭ ھۆكۈمىتى قانۇنلىرىغا تۈزىتىش كىرگۈزدى، يەنە تۆۋەندىكى سوت قىلىش تۈزۈملىرىنى يولغا قويدى: (1) ئادۋوكاتلىق تۈزۈمى؛ (2) چەكلەش تۈزۈمى؛ (3) ئاشكارە سوراق قىلىش تۈزۈمى (جىنسىي مۇناسىۋەتكە چېتىلىدىغان ۋە باشقا ئالاھىدە ئىشلار بۇنىڭ سىرتىدا) ؛ (4) زاسېداتېللىق تۈزۈمى. سوراقخانىلار ئالتە ئايدىن يۇقىرى تۈرمىگە قاماش، 500 يۈەندىن يۇقىرى جەرىمانە قويۇش ھەققىدە كېسىم چىقىرىشقا ھوقۇقلۇق بولدى. قاماق جازاسى، سۈرگۈن قىلىش جازاسىدىن يۇقىرى جازا بېرىشكە لايىق جىنايى ئىشلار دېلولىرى ۋە سومما مىقدارى 300 يۈەندىن يۇقىرى بولغان ھەق تەلەپ دېلولىرىنى سوت قىلىشقا زاسېداتېللار قاتناشتۇرۇلدى، زاسېداتېللار كېڭىشىپ، ئاز سانلىق كۆپ سانلىقنىڭ پىكرىگە بويسۇنۇش پرىنسىپى بويىچە بىر قارارغا كەلگەندىن كېيىن سوراقخانىنىڭ سوتلىغۇچى ئەمەلدارى دېلونى بېكىتتى. ئۆلۈم جازاسى بېرىشتە، بارلىق زاسېداتېللارنىڭ پىكرى بىرلىككە كەلگەندىلا ئاندىن دېلو بېكىتىلدى، لېكىن شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ئەدلىيە يامۇللىرى ئادۋوكاتلىق، زاسېداتېللىق تۈزۈملىرىنى يولغا قويمىدى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

## § 2 . چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى دەۋا تۈزۈمى

### 1 . نارازىلىق ئەرز بېرىشنى چەكلەش

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، يامۇل كۆپ خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، خەلقنىڭ نارازىلىق ئەرز بېرىشنى چەكلەپ، فېئودال مۇستەبىتلىك تۈزۈمىنى قوغدىدى. (1) يۇقىرىغا ئەرز سۇنغۇچىلار ۋىلايەت، مەھكىمە، ئايماق، ناھىيە قوبۇل قىلمىغاندا، ئاندىن باش مۇپەتتىش يامۇلىغا ئەرز سۇنۇش؛ (2) ئۇۋال قىلىنغانلار ئالدى بىلەن ئايماق، ناھىيىگە ئەرز سۇنۇش، ئۇلار ئادىل بىر تەرەپ قىلمىغاندا ئاندىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئەدلىيە ئورگىنىغا ئەرز سۇنۇش، يەنىلا ئۇۋال قىلىنسا، ئاستانىگە بېرىپ خانغا ئەرز سۇنۇش؛ (3) دەرىجە ھالقىپ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەدلىيە ئورگىنىغا ئەرز سۇنغانلاردىن دېلو ئەھۋالى ھەقىقىي بولغانلىرىنىمۇ قانۇن بويىچە جازالاش؛ (4) نارازىلىق ئەرز بېرىلگەن دېلولار تەكشۈرۈلۈپ ئەھۋال ئېنىقلانغاندىن كېيىن، ئەگەر ئەھۋال ئەسلىدىكى دېلودىكى بىلەن ئوخشاش چىقسا ياكى ئايرىم سۆز - جۈملىلەر ئۆزگەرتىلسىمۇ جىنايەتنىڭ ئېغىر-يېنىكلىكى بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولسا، يېڭىباشتىن قاراپ چىقماي ئەرزنى قايتۇرۇۋېتىش دېگەنگە ئوخشاش چەكلىمىلەرنى بەلگىلىدى.

### 2 . ئەرز - شىكايەت قىلىشنى چەكلەش

ئەرز - شىكايەت قىلىشنى چەكلەش توغرىسىدا: (1) قاماقتىكى جىنايەتچىلەرنىڭ باشقىلارنىڭ ئىشلىرىنى پاش قىلىشنى مەنئى قىلىش؛ (2) بالىلار ۋە ئاياللارنىڭ چوڭلار ۋە ئېرى ئۈستىدىن ئەرز - شىكايەت قىلىشىغا يول قويماسلىق؛ (3) يەرلىك يامۇللار قەمەرىيە 4 — 7 - ئايغىچە ئائىلە - نىكاھ، تېرىلغۇ يەرگە دائىر دېلولارنى ئادەتتە قوبۇل قىلماسلىق دېگەندەك بەلگىلىمىلەر بەلگىلەندى.

### 3 . جاۋابكارلارنى قېيناپ سوراق قىلىش، قىستاپ ئىقرار قىلدۇرۇشقا رۇخسەت قىلىش

چىڭ سۇلالىسىنىڭ قانۇنىدا تۇرمىدىكى مەھبۇسلارنى كالتەك بىلەن ئۇرۇپ سوراق قىلغاندا ھەركۈنى 30 كالتەكتىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك؛ بۇلاڭچىلىق قىلىپ ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولۇش دېلولىرىدا قىسماققا ئېلىشقا، كالتەكلەشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ دەپ بەلگىلەندى. «بۈيۈك چىڭ قانۇنلىرىنى شەرھىيلەش ئۆرنەكلىرى» دە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «بۇلاڭچىلىق قىلىپ ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولۇش دېلولىرىدا ئاۋۋال ئېنىق ئىقرار قىلىپ كېيىن تېنىۋالغانلار ياكى دەلىل - ئىسپات ئېنىق بولسىمۇ، قايتا - قايتا سورىغاندا ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتمىغانلار قىسماققا ئېلىنىدۇ، باشقا كىچىك ئىشلاردا قىسماق، كالتەك ئىشلىتىلمەيدۇ؛ ئاياللارنىڭ بارمىقىنى ئىككى قېتىم قىسماققا ئېلىشقا بولىدۇ». «چىڭ سۇلالىسى تارىخى جىنايى ئىشلار تەزكىرىسى» ، «ئېتىبار قىلىش، خانغا يوللاش، جازا كېمەيتىش» ئىمتىيازىدىن بەھرىمەن بولىدىغان ئەمەلدار-ئاقسۆڭەكلەر ياكى 70 ياشتىن ئاشقان قېرىلار، 15 ياشتىن تۆۋەن بالىلار، ئېغىر كېسەللى بارلار، مېيىپلارنى قېيناپ سوراق قىلىشقا بولمايدۇ، ھامىلدار ئايال جىنايەت ئۆتكۈزسە، تۇغۇپ 100 كۈندىن كېيىن قېيناپ سوراق قىلىشقا بولىدۇ. قېيناپ سوراق قىلىپ، قىستاپ ئىقرار قىلدۇرۇشقا يول قويۇلغانلىقتىن، ناھەق دېلولار كۆپىيىپ كەتكەنىدى، «بۈيۈك چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھازىر يولغا قويۇلىدىغان جىنايى ئىشلار قانۇنى» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن قېيناپ سوراق قىلىش بىكار قىلىنىدى.

### 4 . «سەككىزگە ئېتىبار بېرىش» تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشى

«سەككىزگە ئېتىبار بېرىش» تۈزۈمى جۇڭگونىڭ فېئوداللىق جىنايى ئىشلار قانۇنىدا سەككىز خىل مەنسەپدار - ئېسىلزادىگە سوت قىلىش ۋە جازا ئۆلچەش جەھەتتە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىدىغان قانۇن - تۈزۈمنى كۆرسىتىدۇ. قانۇن كودېكسىيىسىدە ئېنىق بەلگىلەنگەن «سەككىزگە ئېتىبار بېرىش» ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدىكى ساۋ، ۋېي بەگلىكلىرىدىن باشلاپ يولغا قويۇلۇپ، چىڭ سۇلالىسىغا قەدەر داۋاملاشتۇرۇلۇپ كەلدى. «سەككىزگە ئېتىبار بېرىش» تۇغقانلارغا، كونا دوستلارغا، دانىشمەنلەرگە، ئىقتىدارلىقلارغا، تۆھپىكارلارغا،

ئېسىلزادىلەرگە، تىرىشچانلارغا، دۆلەت مېھمىنىغا ئېتىبار بېرىشتىن ئىبارەت. بۇ يەردىكى «تۇغقانلار» خان جەمەتىنىڭ مۇئەييەن دائىرىدىكى تۇغقانلىرىنى كۆرسىتىدۇ؛ «كونا دوستلار» خاننىڭ كونا دوستلىرىنى كۆرسىتىدۇ؛ «دانىشمەنلەر» ئوردا تەرىپىدىن ئالاھىدە ئەخلاق - پەزىلەتلىك دەپ تونۇلغان دانىشمەن - ئالىيجاناپلارنى كۆرسىتىدۇ؛ «ئىقتىدارلىقلار» قابىلىيەتتە كامال تاپقان، چوڭ قوشۇنغا ۋە ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا باشچىلىق قىلىپ، خانغا ياندىشى، ئەلگە ئۇستاز بولغانلارنى كۆرسىتىدۇ؛ «تۆھپىكارلار» ئالاھىدە تۆھپە ياراتقانلارنى كۆرسىتىدۇ؛ «ئېسىلزادىلەر» 3 - دەرىجىدىن يۇقىرى رەسمىي مەنسەپتىكىلەرنى، 2 - دەرىجىدىن يۇقىرى پەخرىي مەنسەپتىكىلەرنى، 1 - دەرىجىلىك ئۇنۋان بېرىلگەنلەرنى كۆرسىتىدۇ؛ «تىرىشچانلار» خىزمەتتە ئالاھىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ چوڭ نەتىجە ياراتقانلارنى كۆرسىتىدۇ. «دۆلەت مېھمىنى» ئالدىنقىلارنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول باشلاپ كېلىۋاتقان دۆلەت ئەربابلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

يۇقىرىدىكى سەككىز خىل كىشىلەردىن ئۆلۈم جازاسىغا لايىق گۇناھ قىلغانلارغا مەھكىمىلەر بىۋاستە جىنايەت بېكىتىپ جازا ھۆكۈم قىلالمايتتى، ئۇلارنىڭ جىنايەت ئەھۋالى ۋە ئالاھىدە سالاھىيىتى ئوردىغا مەلۇم قىلىناتتى، ئوردا ئەمەلدارلىرى كوللېكتىپ قاراپ چىقىپ، پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، خاننىڭ كېسىم قىلىشىغا يوللايتتى؛ سورگۇن قىلىش جازاسىدىن تۆۋەن جازاغا لايىق جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرنىڭ جازاسى بىر دەرىجە چۈشۈرۈلەتتى؛ «ئون قەبىھ جىنايەت» ئۆتكۈزگەنلەرگىلا يۇقىرىقى بەلگىلىمە تەدبىق قىلىنمايتتى. قانۇندا يۇقىرىدىكى «سەككىز خىل» ئىمتىياز ئىگىلىرىنىڭ ئۆزىگىلا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلىپ قالماي ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگىمۇ ئېتىبار بېرىلەتتى.

## 5. ئۆلۈم جازاسىنى قايتا تەكشۈرۈش تۈزۈمى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدىغان جىنايەتچىلەر ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىشتا جەزمەن خاننىڭ تەستىقى ئېلىناتتى. خاندا ئەڭ ئالىي ئەدلىيە ھوقۇقى بار ئىدى، ئۇ سوت ئورگىنىنىڭ ھۆكۈمىنى تەستىقلاش، ئۆزگەرتىشكە ھوقۇقلۇق ئىدى، شۇنداقلا ئۇ قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپنى قايرىپ قويۇپ، باشقىلارنىڭ جىنايىتىنى خالىغانچە بېكىتەلەيتتى. ئۆلۈم جازاسىنى ئىجرا قىلىشتا «قايتا قاراپ چىقىشقا يوللاش» تۈزۈمى يولغا قويۇلغان بولۇپ، ئىجرا قىلىنىشتىن ئىلگىرى خاننىڭ تەستىقى ئېلىناتتى. ئۆلۈم جازاسى دەرھال ئىجرا قىلىنىدىغانلارنىڭ دېلو ماتېرىيالى جازا پىرقىسىنىڭ قايتا قاراپ چىقىشىغا سۇنۇلۇپ، ئۇنىڭ تەستىقى ئېلىناتتى؛ دەرھال ئىجرا قىلىنمايدىغان ئۆلۈم جازاسى دېلولىرى ھەر يىلى كۈزدە يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ئەۋەتىلىپ بىرلىكتە قاراپ چىقىلاتتى. ئاستانىدىكى ئۆلۈم جازاسى دېلولىرىنى قايتا قاراپ چىقىش ئوردىنىڭ قاراپ چىقىشى دەپ ئاتىلاتتى، باشقا ئۆلكىلەردىكى ئۆلۈم جازاسى دېلولىرىنى قايتا قاراپ چىقىش كۈزلۈك قاراپ چىقىش دەپ ئاتىلاتتى. قايتا قاراپ چىقىلغان ئۆلۈم جازاسى دېلولىرى يەنىلا خاننىڭ تەستىقلىشىغا مەلۇم قىلىناتتى. قايتا قاراپ چىقىلغاندىن كېيىن، ھۆكۈمران سىنىپنىڭ مەنپەئىتىگە خىلاپلىق قىلىش دەرىجىسىگە قاراپ، «دېلو ئەھۋالى راستلار»، «جازا كېچىكتۈرۈلىدىغانلار»، «رەھىم قىلىنىدىغانلار»، «گۇمانلىقلار»، «قالدۇرۇپ نەزىر - چىراققا سېلىنىدىغانلار» دەپ 5 تۈرگە ئايرىلاتتى. ھەر يىلى كۈزلۈك قاراپ چىقىلغاندىن كېيىن، «دېلو ئەھۋالى راستلار» كۈزدە شەبنەم چۈشكەندىن كېيىن قىشلىق كۈن - تۈن توختىغىچە بولغان ئارىلىقتا قەتلى قىلىناتتى. «رەھىم قىلىنىدىغانلار» غا ئومۇمەن جازا يەڭگىللىتىلىپ، سورگۇن قىلىش جازاسى، قاماق جازاسى بېرىلىپ، شۇ يىلى ئىچىدە ئىجرا قىلىناتتى. قىيما - چىيما قىلىش جازاسى بېرىشكە تېگىشلىك ھامىلدار ئايال جىنايەتچىلەر تۇغۇپ بىر ئايدىن كېيىن قەتلى قىلىناتتى. قەتلى قىلىنىدىغان جىنايەتچىلەر قەتلى قىلىنىش ئالدىدا «ئۇۋال بولدى» دەپ نالە قىلسا، ئىجرا قىلىش ۋاقتىنچە كېچىكتۈرۈلۈپ، يۇقىرىنىڭ قاراپ چىقىشىغا مەلۇم قىلىناتتى.

1884 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۆلۈم جازاسىنى قايتا قاراپ چىقىشتا يۇقىرىقى تۈزۈم يولغا قويۇلدى. ئالتايدىكى يەرلىك موڭغۇللاردىن ئۆلۈم جازاسىغا لايىق گۇناھ ئۆتكۈزگەنلەرنىڭ دېلوسىنى قايتا قاراپ چىقىشتا، يەنىلا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئىلگىرىكى كونا قائىدىلىرىگە ئاساسەن، ۋاسساللار مەھكىمىسى قايتا قاراپ چىقىپ، ئەدلىيە ئورگىنى بىلەن بىرلىكتە جازا ھۆكۈم قىلدى؛ جىنايى جازا تەتبىقلىنىدىغانلارنىڭ دېلوسىنى باش ئەدلىيە مەھكىمىسى قايتا سوتلاپ، ئەدلىيە ئورگىنى بىلەن بىرلىكتە جازا

ھۆكۈم قىلدى. شۈەنتۇڭ 2 - يىلى (1910 - يىلى) 2 - ئايدا يەنە موڭغۇللاردىن ئۆلۈم جازاسىغا لايىق جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرنىڭ دېلوسىنى قاراپ چىقىشتا، قانداق قانۇن تەتبىقلىنىشىدىن قەتئىي نەزەر، ۋاسساللار مەھكىمىسى رىياسەتچىلىك قىلىدۇ، باش ئەدلىيە مەھكىمىسى قايتا قاراپ چىقىدۇ، دەپ بەلگىلەندى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەۋا تۈزۈمىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، جىنايى ئىشلار بىلەن ھەق تەلەپ ئىشلىرى ئايرىلمايتتى، ھەق تەلەپ دېلولىرى بىلەن جىنايى ئىشلار دېلولىرى ماھىيەت جەھەتتىن پەرقلەندۈرۈلمەيتتى. ھەق تەلەپ قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارغا مەسىلەن، ھەق تەلەپ ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىش، قەرزدارلىقنى ئادا قىلماسلىق، ھەق تەلەپ دەۋاسىدا يالغان ئىقرار قىلىش قىلمىشلىرىغا جىنايى جازا تەتبىقلىناتتى.

# Ⅱ باب مىنگو دەۋرىدىكى سوت ۋە دەۋا تۈزۈمى

## 1 § . سوت تۈزۈمى

### 1. مەمۇرىيەت بىلەن ئەدلىيىنى ئايرىش

1912 - يىلى جۇڭخۇا مىنگو قۇرۇلدى، جۇڭخۇا مىنگو ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى «جۇڭخۇا مىنگونىڭ ۋاقىتلىق قانۇنى»نى تۈزۈپ ئېلان قىلدى ۋە قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى، مەمۇرىي ھوقۇق، ئەدلىيە ھوقۇقىدىن ئىبارەت ئۈچ ھوقۇقنى ئايرىۋېتىش، سوت مەھكىمىسى سوت ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش، سودىيىلەر مۇستەقىل سوت قىلىشقا ئوخشاش ئەدلىيە پرىنسىپلىرىنى جاكارلىدى، بىراق بۇلار ئەمەلگە ئاشمىدى. شىنجاڭدا ئەدلىيە ئىشلىرىنى يەنىلا ھاكىم قوشۇمچە باشقۇردى.

مىنگونىڭ 24 - يىلى (1935 - يىلى) دىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئارقا- ئارقىدىن سوت مەھكىمىلىرى قۇرۇلدى، يەرلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدىكى جايلاردا مەمۇرىيەتنىڭ دەۋا دېلولىرىنى قوبۇل قىلىشىغا رۇخسەت قىلىنمىدى. 1947 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قەشقەر كوناشەھەر، قەشقەر يېڭىشەھەر ھۆكۈمەتلىرىگە تېلېگرامما يوللاپ، «قەشقەر يەرلىك سوت مەھكىمىسى دېلولارنى قاراپ چىقىقاندا مەزكۇر ناھىيىلىك ھۆكۈمەتلەر ئەدلىيە ئىشلىرىنى قوشۇمچە باشقۇرسا بولمايدۇ، يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ يېقىندا يوللىغان مەلۇماتىغا قارىغاندا، مەزكۇر ناھىيىلىك ھۆكۈمەتلەر ھەق تەلەپ، جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى ئۆز ئالدىغا قاراپ چىقىقان، سوت ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش ئۈچۈن ھوقۇق دائىرەڭلەرنى ئېنىق كۆرسىتىپ قويىمىزكى بۇنىڭدىن كېيىن ئەدلىيە ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ، ھەق تەلەپ جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى قاراپ چىقىشىڭلارغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ، ئالاھىدە پەرمان چۈشۈرۈلدى، ئەمەل قىلغايسىلەر» دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى. شۇنىڭ بىلەن سوت ئىشلىرى ئىلگىرىكى مەمۇرىيەت بىلەن ئەدلىيىنى بىرلەشتۈرۈۋېتىش يولىدىن مەمۇرىيەت بىلەن ئەدلىيىنى ئايرىۋېتىش يولىغا قەدەممۇقەدەم ئۆتتى.

### 2. سوت دەرىجىسى ۋە قايتا سوتلاش

مىنگونىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، شىنجاڭدا يەنىلا كونا تۈزۈم يولغا قويۇلدى، ھەق تەلەپ دېلولىرى مۇرەسسە قىلىنغان ياكى ھۆكۈم چىقىرىلغاندىن كېيىن، دېلو دەۋالاشقۇچى ئىككى تەرەپنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئاياغلاشتۇرۇلدى؛ جىنايى ئىشلار دېلولىرى شىمال مىلىتارىستلىرى ھۆكۈمىتى ئېلان قىلغان يېڭى جىنايى ئىشلار قانۇنى بويىچە سوتلىنىپ، دەسلەپكى ھۆكۈمنامە ئۆلكىلىك تۇتۇق مەھكىمىسى، ئۆلكىلىك ئەدلىيە تەييارلىق باشقارمىسى، مەسئۇل دوتەي مەھكىمىسىگە ئەۋەتىلدى، ئۆلكىلىك ئەدلىيە تەييارلىق باشقارمىسى دېلونى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ قايتا سوتلاپ بېكىتتى. 1928 - يىلىدىن كېيىن، نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتى ئارقا - ئارقىدىن «سوت مەھكىمىلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى» ، «جىنايى ئىشلار قانۇنى» ، «ھەق تەلەپ قانۇنى» ۋە ئۇنىڭغا دائىر دەۋا قانۇنلىرىنى ئېلان قىلىپ، ئۈچ دەرىجە- ئۈچ سوت تۈزۈمىنى يولغا قويدى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك يۇقىرى سوت مەھكىمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1 - سوتنىڭ ھۆكۈمىگە نارازىلىق ئەرز بېرىلمىگەن بولسا، جىنايى ئىشلار ھۆكۈمنامىسى بىرلا ۋاقىتتا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە، يۇقىرى سوت مەھكىمىسىگە، يۇقىرى

سوت مەھكىمىسىنىڭ تەپتىش باشقارمىسىغا ھەمدە شۇ رايون مەھكىمىسىگە يوللاندى، ئۆلكىلىك يۇقىرى سوت مەھكىمىسى دېلونى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ، قايتا سوتلاپ بېكىتتى. ئەگەر بىرىنچى سوتنىڭ كېسىم، ھۆكۈمىگە قايىل بولمىسا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك يۇقىرى سوت مەھكىمىسىگە نارازىلىق ئەرز بېرىشكە رۇخسەت قىلىنىدى.

شىنجاڭ ئۆلكىلىك يۇقىرى سوت مەھكىمىسى 1933 — 1937 ـ يىلىغىچە ھۆكۈمى قايتا قاراپ چىقىلىدىغان جىنايى ئىشلار دېلوسىدىن 397نى قوبۇل قىلىپ، 386نى ئاياغلاشتۇردى. 1937 ـ يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت «يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ 2 ـ سوت ھۆكۈمىگە قايىل بولمىغان ھەق تەلەپ دېلولىرىنى قاراپ چىقىش چارىسى»نى تۈزۈپ چىقتى. بۇ «چارە»دە: يۇقىرى سوت مەھكىمىسى ھۆكۈم چىقارغان 2 ـ سوت ھەق تەلەپ دېلولىرىدا ھۆكۈمنامىنى تاپشۇرۇۋېلىپ 20 كۈن ئىچىدە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قاراپ چىقىشىغا ئىلتىماس قىلىنمىغان بولسا، ھۆكۈم بېكىتىلگەن ھېسابلىنىپ قانۇن بويىچە ئىجرا قىلىنىدۇ؛ ئەگەر شىنجاڭ ئۆلكىلىك يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ 2 ـ سوت ھەق تەلەپ ھۆكۈمىگە قايىل بولمىغانلار ھۆكۈمنامىنى تاپشۇرۇۋېلىپ 20 كۈن ئىچىدە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قاراپ چىقىشىنى ئىلتىماس قىلسا، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بەش ئادەمنى قايتا قاراپ چىقىشقا بەلگىلەيدۇ، ئۇلار پىكىرنامە تەييارلاپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قارار قىلىشىغا سۇنىدۇ. ھەق تەلەپ دېلوسىنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قارار قىلغان ھۆكۈمى توغرا ھۆكۈم دەپ قارىلىپ، يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ ئىجرا قىلىشىغا چۈشۈرۈپ بېرىلىدۇ، ئۇنىڭغا يەنىلا قايىل بولمىسا، مەجبۇرىي ئىجرا قىلدۇرۇلىدۇ دەپ بەلگىلەندى.

## 2 § . دەۋا تۈزۈمى

### 1 . جىنايى ئىشلار، ھەق تەلەپ دەۋا تۈزۈمىنىڭ بېكىتىلىشى

مىنگونىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە شىمال مىلىتارىستلىرى ھۆكۈمىتى «ۋاقىتلىق يولغا قويۇلىدىغان يېڭى جىنايى ئىشلار قانۇنى»، «ۋاقىتلىق يولغا قويۇلىدىغان يېڭى جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ تەپسىلىي قائىدىسى»نى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، يەنە ئارقا ـ ئارقىدىن «ئاددىي جازالاش نىزامى»، «قاراقچى ـ باندىتلارنى جازالاش قانۇنى»، «قورۇقلۇق ئارمىيىنىڭ جىنايى ئىشلار نىزامى» قاتارلىق يەككە قانۇن ـ نىزاملارنى ئېلان قىلدى. ھەق تەلەپ قانۇنى، سودا قانۇنى جەھەتلەردىمۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ «شىركەت قانۇنى»، «سودىگەرلەر نىزامى»، «ئاكسىيە سودىسى قانۇنى»، «كۆچمەس مۈلۈكنى تىزىملاش نىزامى» قاتارلىقلارنى ئېلان قىلىپ، جىنايى ئىشلار ۋە ھەق تەلەپكە دائىر ئەمەلىي قانۇنلارنى ئايرىۋەتتى.

دەۋا قانۇنى جەھەتتە، 1912 — 1919 ـ يىللىرىغىچە شىمال مىلىتارىستلىرى ھۆكۈمىتى ئارقا ـ ئارقىدىن «ھەق تەلەپ، جىنايى ئىشلار دەۋالىرىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكى ئايرىمىسى»، «ھەق تەلەپكە دائىر ئالاھىدە ئەرز ـ شىكايەت ۋاقىتلىق نىزامى»، «يەرلىك سوت نازارەتلىرى جىنايى ئىشلار ۋاقىتلىق قائىدىسى»، «ئامباللارنىڭ دەۋالارنى قاراپ چىقىش ۋاقىتلىق نىزامنامىسى»، «ئامباللارنىڭ ئەدلىيە كەسپىنى قوشۇمچە باشقۇرۇش ۋاقىتلىق نىزامى»، «قانۇننى تەتبىقلاش نىزامى»، «كونسۇلنىڭ ھۆكۈم ـ كېسىم چىقىرىش هوقۇقى بولمىغان دۆلەت خەلقلىرىنىڭ ھەق تەلەپ، جىنايى ئىشلار دەۋالىرىنى قاراپ چىقىش نىزامنامىسى» قاتارلىقلارنى ئېلان قىلدى. 1922 ـ يىلى «جىنايى ئىشلار دەۋا نىزامى» ۋە «ھەق تەلەپ دەۋا نىزامى»نى ئېلان قىلدى. 1927 ـ يىلى جياڭ جيېشىنىڭ نەنجىڭ ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئارقا ـ ئارقىدىن «ئالتە قانۇن قامۇسى»نى يەنى ئاساسىي قانۇن، ھەق تەلەپ قانۇنى، سودا قانۇنى، جىنايى ئىشلار قانۇنى، ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى، جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىنى ئېلان قىلدى. شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى ھەر دەرىجىلىك ئەدلىيە ئورگانلىرى شىمال مىلىتارىستلىرى ھۆكۈمىتى ۋە نەنجىڭ ھۆكۈمىتى ئېلان قىلغان يۇقىرىقى ھەق تەلەپ، جىنايى ئىشلارغا دائىر ئەمەلىي قانۇن ۋە تەرتىپ قانۇنلىرى بويىچە دېلو بېجىردى.

### 2 . مىنگو دەۋرىدىكى قانۇن سىستېمىسىنىڭ پرىنسىپلىرى

نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ «ئالتە قانۇن قامۇسى» نامدا كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ قانۇن سىستېمىسىنى تەقلىد قىلغان، يەنە چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى ۋە شىمال مىلىتارىستلىرى ھۆكۈمىتى

مەزگىلىدىكى فېئوداللىق قانۇن ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغان، ئۇنىڭدا تۆۋەندىكى ئاساسىي پرىنسىپلار كۆككە كۆتۈرۈلگەن:

(1) خۇسۇسىي مال - مۈلۈك مۇقەددەستۇر، ئۇنىڭغا دەخلى - تەرۇز قىلىشقا بولمايدۇ، پومېشچىكلار ۋە دەللال بيۇروكرات بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ مەنپەئىتى، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى قوغدىلىدۇ. (2) كېلىشىم تۈزۈش ئەركىنلىكى. (3) قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر بولۇش (ئەمەلىيەتتە «ئىشىكى جەنۇبقا قاراپ ئېچىلغان يامۇللارغا دەۋاسى يوللۇق پۇلى يوقلار كىرەلمەيتتى»، ئەمگەكچى خەلق ئۈچۈن ئۇۋالچىلىقنى ئېيتىپ، ئەرز - شىكايەت قىلىدىغان جاي يوق ئىدى). (4) جىنايەت بىلەن جازانى قانۇندا بېكىتىش مەسىلىكى (ئەمەلىيەتتە جىنايەت ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن بېكىتىلەتتى). (5) گۇناھسىز دەپ پەرەز قىلىش (ئەمەلىيەتتە ھەر قانداق ۋاقىتتا ئىنقىلابىي خەلق گۇناھكار دەپ پەرەز قىلىناتتى). (6) ئەركىن ئىسپاتلاش (ئەمەلىيەتتە بۇ سۆز «خالىغانچە باستۇرۇش» دېگەن گەپنىڭ باشقىچە ئاتىلىشى). (7) بىۋاسىتە بولۇش پرىنسىپى (ئەمەلىيەتتە نۇرغۇن ئىنقىلابچىلار مەخپىي سوت قىلىنىپ، بىۋاسىتە بولۇش پرىنسىپى ئىنكار قىلىندى). (8) قىيناپ سوراق قىلىشنى بىكار قىلىش (ئەمەلىيەتتە ئىنقىلابىي خەلققە قىيناپ سوراق قىلىپ، قىستاپ ئىقرار قىلدۇرۇش ۋاستىسى قوللىنىلدى).

شىنجاڭدىكى ئەدلىيە ئورگانلىرى دەۋا جەريانىدا، چوڭ - چوڭ دېلولار ئۈستىدە كېڭىشىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، تەپتىش ئەمەلدارى سوتقا چىقىپ ئەيىبلەشنى قوللىدى؛ ئادەتتىكى دېلولاردا يەككە سوت قىلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى؛ سىياسىي جىنايەتچىلەرگە قارىتا، مەخپىي سوت قىلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى؛ نارازىلىق ئەرز دېلولىرىنى سوت قىلغاندا سەييارە سوت قىلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، ۋەھاكازالار. مىنگونىڭ 1941 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىسى دېلو بېجىرىشتە 9 ماددىلىق دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى بېكىتىپ، دېلو قوبۇل قىلىش، سوت قىلىش ۋە بېجىرگۈچىلەرنىڭ قانۇنىي جاۋابكارلىقى ئۈستىدە بەلگىلىمە چىقاردى، ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

1) قوبۇل قىلىنغانلىكى جىنايى ئىشلار دەۋا دېلولىرىنى تېزدىن سوت قىلىش كېرەك، ئارقىغا سۆرەشكە يول قويۇلمايدۇ.

2) دېلونىڭ دەلىل - ئىسپاتى تولۇق بولۇشى، قانۇنغا ۋە مىللىي ئۆرپ - ئادەتكە ئاساسەن ھۆكۈم چىقىرىلىشى كېرەك.

3) سوتچى، تەپتىش ۋە ئەدلىيە ئىشلىرىنى قوشۇمچە تۇتىدىغان ھاكىم قاتارلىقلار دېلو بېجىرگەندە قانۇن بويىچە ئادىل، ئېھتىياتچان بولۇشى كېرەك. ھەق - ناھەق، توغرا - خاتانى خالىغانچە ئاستىن - ئۈستىن قىلىپ، دەۋالاشقۇچىلارنىڭ ھوقۇقىنى زىيانغا ئۇچراتقان بېجىرگۈچى خادىملارنى جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىش كېرەك.

4) مۇھىم دېلولاردا دەۋا خېتى يېزىپ، دەۋا رەسمىيىتى بويىچە ئىش كۆرگەندىن باشقا، ئاددىي دېلولاردا ئەگەر دەۋالاشقۇچىلار دەۋا خېتى يازالمىسا، ئاغزاكى بايان قىلىپ ھۆكۈم - كېسىم چىقىرىشنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ. ئەدلىيە ئورگانلىرى ۋە ئەدلىيە ئىشلىرىنى قوشۇمچە باشقۇرىدىغان ھاكىم خەلق ئامىسىنىڭ دەۋا قىلىشىغا قولايلىق يارىتىش ئۈچۈن، دېلونى دەرھال تىزىملاپ قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئاددىي تەرتىپنى قوللىنىپ، ۋاقتىدا ئاياغلاشتۇرۇشى كېرەك.

5) خەنزۇچە ئەرز خېتى يازالمايدىغان ئاز سانلىق مىللەت ئامىسى ئەرز خېتىنى ئۆز مىللىتىنىڭ يېزىقىدا يازسا بولىدۇ. ئەدلىيە ئورگانلىرى ئۇنى تەرجىمە قىلدۇرۇشى كېرەك. لېكىن تەرجىمان، ساقچى قاتارلىقلارنىڭ بۇ جەرياندا ساختىلىق ئىشلىتىپ قويۇشىنىڭ قاتتىق ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

6) مۇھىم دېلولارنى يىغىن ئېچىپ مۇزاكىرە قىلىپ، ۋاقتىدا، قانۇنغا ئۇيغۇن، ئەقىلگە مۇۋاپىق قارار چىقىرىش كېرەك.

## 3. ئۆلۈم جازاسىنى قايتا قاراپ چىقىش تۈزۈمى

جۇڭخۇا مىنگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى جىنايى ئىشلار قانۇنىدىكى ئۆلۈم جازاسىنى «قايتا قاراپ چىقىشقا يوللاش» «قايتا تەستىقلىتىش»قا ئۆزگەرتىلدى. 1912 - يىلى 5 - ئايدا بېيجىڭ ھۆكۈمىتى: ئاستانىدىن باشقا جايلاردىكى ئەدلىيە تارماقلىرى ھۆكۈم قىلغان ئۆلۈم جازاسى دېلولىرىنى ئەدلىيە مىنىستىرلىكى قانۇن بويىچە قايتا تەستىقلايدۇ، ئۇلاردىن كەچۈرۈم قىلىش ئاساسى بارلىرىنى

ئەدلىيە مىنىستىرلىكى قانۇنغا ئاساسەن بۈيۈك زۇڭتۇڭنىڭ چوڭ كەچۈرۈم قىلىشنى ياكى جازانى يېنىكلىتىشنى جاكارلىشىغا سۇنىدۇ، قانۇن جەھەتتە ياكى پاكىتتا خاتالىق بارلىقى سېزىلگەنلىرىنى ئەدلىيە مىنىستىرلىكى قانۇن - پەرمان بويىچە مەسئۇل تەپتىش ئەمەلدارىنى ئالاھىدە شىكايەت قىلىشقا ياكى قايتىدىن سوت قىلىشقا بۇيرۇيدۇ دەپ بەلگىلەندى. شۇنىڭ بىلەن سوت مەھكىمىلىرى ھۆكۈم قىلغان ئۆلۈم جازاسى دېلولىرىدىن تەكشۈرۈش ئارقىلىق قانۇن جەھەتتە ئالاھىدە كەچۈرۈم قىلىش ئاساسى ۋە دەۋا جەھەتتە ئالاھىدە شىكايەت قىلىش ھەم قايتىدىن سوت قىلىش سەۋەبى بولمىغانلىرىنى ئەدلىيە مىنىستىرلىكى قانۇن بويىچە قايتا تەستىقلىدى.

1915 - يىلى 7 - ئايدا ئەدلىيە مىنىستىرلىكى ئۆلۈم جازاسى دېلولىرىنى يۇقىرىغا مەلۇم قىلىش چارىسىنى تۈزۈپ چىقتى. بۇ چارىدە چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان مەھبۇسلارنى قايتا سوتلاشقا يوللاش تۈزۈمىگە ۋارىسلىق قىلىندى. ئاستانىدىكى سوت مەھكىمىلىرى ھۆكۈم قىلغان ئۆلۈم جازاسى دېلولىرىنى سوت مەھكىمىلىرىدە تەسىس قىلىنغان تەپتىش نازارەتلىرى ئەدلىيە مىنىستىرلىكىگە مەلۇم قىلدى. ئۆلكىلىك سوت نازارىتى، سوت باشقارمىسى ياكى ئەدلىيە تەييارلىق باشقارمىسى ھۆكۈم قىلغان ئۆلۈم جازاسى دېلولىرىنى يۇقىرى تەپتىش نازارىتى سوت باشقارمىسى، ئەدلىيە تەييارلىق باشقارمىسىنىڭ سەييارە تەپتىشى ياكى تۇتۇق مەسلىھەتچىلەر بۆلۈمى يۇقىرىغا مەلۇم قىلىپ تەستىقلاتقاندىن كېيىن ئىجرا قىلدى. 1916 - يىلى 7 - ئايدا بۇ چارە بىكار قىلىنىپ، يەنىلا ئەدلىيە مىنىستىرلىكى قايتا تەستىقلايدىغان بولدى. شىنجاڭدا 1912 — 1915 - يىلغىچە ئەدلىيە مىنىستىرلىكىنىڭ قايتا قاراپ تەستىقلىشى بىلەن ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىنغانلارنىڭ سانى: 1912 - يىلى 10 ئادەم، 1913 - يىلى 12 ئادەم، 1914-يىلى 4 ئادەم، 1915 - يىلى 6 ئادەم، جەمئىي 32 ئادەم بولدى، يۇقىرىقى سان ئادەتتىكى جىنايى ئىشلار قانۇنى بويىچە ھۆكۈم قىلىنغانلارنىڭ سانى بولۇپ، قاراقچى - باندىتلارنى جازالاش قانۇنى بويىچە ھۆكۈم قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەنلەر بۇنىڭغا كىرمەيدۇ.

مىنگونىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، ئالتايدا ئەدلىيە ئورگىنى يوق ئىدى. جايلاردا جىنايى ئىشلار دېلولىرى ئۈستىدە دەسلەپكى سوت ھۆكۈمى چىقىرىلغاندىن كېيىن، قايتا قاراپ چىقىش تەرتىپى ئېلىپ بېرىلمىدى. 1915 - يىلى 11 - ئاينىڭ 12- كۈنىدىن باشلاپ، مەمۇريي مەھكىمە ئۆلۈم جازاسى، مۇددەتسىز قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلغان دېلولارنى باش تەپتىش نازارىتى يازما پىكىر يېزىپ، باش ئەدلىيە مەھكىمىسىنىڭ قايتا قاراپ چىقىشىغا يوللىدى. قايتا ھۆكۈم چىقىرىلغاندىن كېيىن، ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن جىنايەتچىلەرنىڭ دېلوسى باش تەپتىش نازارىتى تەرىپىدىن ئەدلىيە مىنىستىرلىكىنىڭ ئەنگە ئېلىپ تەستىقلىشىغا يوللىنىپ، تەستىقلانغاندىن كېيىن ئىجرا قىلىندى.

نەنجىڭ ھۆكۈمىتى جىنايى ئىشلار قانۇنى، جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىنى ئېلان قىلىپ يولغا قويغاندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى ئەدلىيە ئورگانلىرى قانۇندا بەلگىلەنگەن ئۆلۈم جازاسىنى قايتا تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى ئىجرا قىلدى. شېڭ شىسەي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئاخىرقى مەزگىللەردە، ئەدلىيە ئاپپاراتلىرى قىسمەن ھەق تەلەپ، جىنايى ئىشلار دەۋالىرىنىلا باشقۇردى، ئەمەلدارلارنىڭ خىيانەتچىلىك دېلولىرى ئالاھىدە جىنايى ئىشلار سوتىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولدى. ئالاھىدە جىنايى ئىشلار دېلولىرى، مەسىلەن، ئەينى چاغدىكى ئاتالمىش توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى پىلانلاش سىياسىي دېلولىرىنى جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسى ياكى يەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى بېجىردى. ئىنقىلابچىلار، تەرەققىيپەرۋەر زاتلار ۋە بىگۇناھ ئامما ھەمىشە سوت قىلىنمايلا مەخپىي ئۆلتۈرۈۋېتىلدى.

## 4. جىنايى ئىشلار ھەق تەلەپ دەۋا تەرتىپى

### 1) ھەق تەلەپ دەۋا تەرتىپى

مىنگو دەۋرىدە، شىنجاڭدىكى سوت ئورگانلىرى دەۋالاشقۇچىلار ئەرز، نارازىلىق ئەرز بەرگەندە، تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرى بولغانلىرىنى قوبۇل قىلمىدى: باشقۇرۇش تەۋەلىكى ئۇيغۇن بولمىغانلارنى قوبۇل قىلمىدى؛ دەۋالاشقۇچىلار لاياقەتسىز بولسا قوبۇل قىلمىدى؛ قانۇنلۇق ۋاكالەتچىسى بولمىسا قوبۇل قىلمىدى؛ ئەرز خېتى ئۆلچەمسىز بولغانلارنى قوبۇل قىلمىدى؛ دەۋا ھەققى تاپشۇرمىغانلارنى قوبۇل قىلمىدى؛ بىر قېتىم قوبۇل قىلغاننى قايتا قوبۇل قىلمىدى، ئەرز قىلمىغانلارنى سورىمىدى؛ يارىشىپ قالغانلارنى سورىمىدى، نارازىلىق

بىلدۈرۈش ئاساسىي قانۇنغا خىلاپلىق قىلىشقا ياتمايدىغانلارنى قوبۇل قىلمىدى. پۇقرالارنىڭ ئەرز قىلىپ ھەقىقەتكە ئېرىشىشى تەس ئىدى.

2) جىنايى ئىشلار دەۋا تەرتىپى

ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى:

**(1) جاۋابكارلارنىڭ بىۋاستە دەۋا قىلىش ھوقۇقىغا قاتتىق چەك قويۇلدى** ھەرىكەت ئىقتىدارى يوقلار ۋە ھەرىكەت ئىقتىدارى چەكلەنگەن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار بىۋاستە دەۋا قىلىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىندى؛ «بىۋاستە تۇغقانلار ياكى جۆرىسىنىڭ بىۋاستە دەۋا قىلىشقا بولمايدىغانلىقى» بەلگىلەندى (شىكايەت قىلىشقا بولىدۇ). شىكايەت قىلىنغان ياكى جازالاش تەلەپ قىلىنغان جىنايەت شىكايەت قىلىش سۈرۈكىدىن ئېشىپ كەتكەن بولسا، قايتىدىن بىۋاستە دەۋا قىلىشقا يول قويۇلمىدى؛ تەپتىش ئەمەلدارى تەھقىقلەپ ئاياغلاشتۇرغان ياكى بىۋاستە دەۋا قايتۇرۇۋېتىلگەن دېلولار ئۈستىدە قايتا بىۋاستە دەۋا قىلىشقا يول قويۇلمىدى.

**(2) مۇلۇكدارلارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتى قوغدالدى** 5 يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان جاۋابكارلار ۋە يۇقىرى سوت مەھكىمىسى 1 ـ سوت قىلغان دېلودىكى جاۋابكارلارغا سوت مەھكىمىسى ئاقلىغۇچى بولۇشقا ئادۋوكات بەلگىلەپ بەردى. ئاقلىغۇچى كىشى ئادۋوكات بولمىسا، باش سوتچىنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىپ ئاقلىغۇچى بولدى؛ جاۋابكارنىڭ يېقىن ئادىمى ياكى ئاقلىغۇچىسى جاۋابكارنى قاماقتىن چىقىرىۋېتىشنى ئىلتىماس قىلسا، كاپالەتنامە ۋە بەلگىلەنگەن كاپالەت پۇلى تاپشۇرسا بولىدىغان بولدى.

**(3) ئىنقىلابىي زاتلار ۋە ئەمگەكچى خەلق ئاممىسى نارازىلىق ئەرز بېرىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىندى** «ئىچكى مالىمانچىلىق تۇغدۇرۇش جىنايىتى»، «سىرتتىكىلەر بىلەن تىل بېرىكتۈرۈش جىنايىتى» ۋە «دۆلەت دىپلوماتسىيىسىگە دەخلى يەتكۈزۈش جىنايىتى» ئۆتكۈزگەنلەرگە قارىتا، ئىككى سوت بىلەن ئاياغلاشتۇرۇش تۈزۈمى قوللىنىلدى؛ يېنىك جىنايى ئىشلار دېلولىرىدا 2 ـ سوت ھۆكۈمى چىقىرىلغاندىن كېيىن، 3 ـ سوت قىلىشنى تەلەپ قىلىپ نارازىلىق ئەرز بېرىشكە يول قويۇلمىدى. ئالاھىدە جىنايى ئىشلار دېلولىرىدىن «مىنگوغا خەۋپ يەتكۈزگەن» دېلولار ئۈستىدە قايتا قاراپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلىشقىلا رۇخسەت قىلىنىپ، نارازىلىق ئەرز بېرىشكە رۇخسەت قىلىنمىدى؛ ئالاھىدە جىنايى ئىشلار دېلوسىدىكى بەزى ئۆلۈم جازالىرىدا تېلېگراممىا ئارقىلىق تەستىقلاشقا مەلۇم قىلىش تۈزۈمى قوللىنىلدى.

## 3 § . ئۈچ ۋىلايەت سوت مەھكىمىسىنىڭ سوت تۈزۈمى ۋە سوت تەرتىپى

### 1. سوت تۈزۈمى

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئۈچ ۋىلايەت تەۋەلىكىدىكى رايونلاردا ئۈچ دەرىجىلىك سوت مەھكىمىسى (ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسى، ۋىلايەتلىك سوت مەھكىمىسى، ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسى) قۇرۇلۇپ، «جىنايى ئىشلار قانۇنى»، «جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى» ۋە «ھەق تەلەپ قانۇنى» ئېلان قىلىنىپ، تۆۋەندىكى سوت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى.

1) ئىككى سوت بىلەن ئاياغلاشتۇرۇش تۈزۈمى ۋىلايەتلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ ھوقۇقى، ۋەزىپىسى ۋە دېلو باشقۇرۇش تەۋەلىكى قانۇندا ئېنىق بەلگىلەنمىدى. ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسى ئىككى يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنىدىغان دېلولاردا سوت قىلىپ ھۆكۈم چىقارغاندىن كېيىن، جاۋابكار قايىل بولماي، 14 كۈن ئىچىدە ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسىگە نارازىلىق ئەرز قىلسا، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسىنىڭ بۇ ھەقتە چىقارغان ھۆكۈمى ياكى كېسىمى ئاخىرقى سوت ھۆكۈمى بولدى. ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسىنىڭ ئىككى يىلدىن ئارتۇق قاماق جازاسى بېرىلىدىغان دېلونى سوت قىلىپ چىقارغان 1 ـ سوت ھۆكۈمى ياكى كېسىمىگە قارىتا، نارازىلىق

ئەرز بېرىشكە يول قويۇلمىدى، لېكىن ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈمى ئۇچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى تەستىقلىغاندىن كېيىن ئىجرا قىلىندى.

2) ئاشكارە سوت قىلىش تۈزۈمى رەسمىي سوت قىلىغاندا جاۋابكار، بىۋاستە دەۋا قىلغۇچى (زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى)، گۇۋاھچى سوتتا ھازىر بولىدى. ئاممىنىڭ چەتتىن ئاڭلىشىغا رۇخسەت قىلىندى. يۈز تۇرانە سوراق قىلىش، ئىسپاتلاش، ھەممە جىنايەت پاكىتىنى نەقلەشتۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئارقىلىق ھۆكۈم ئامما ئالدىدا جاكارلاندى.

3) كېڭىشىش تۈزۈمى ئۇچ ۋىلايەت سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى سوت قىلىشتا كېڭىشىش تۈزۈمىنى يولغا قويىدى. رەسمىي سوت قىلىغاندا باش سوتچى سوت خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلغاندىن سىرت، بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە، يەنە ئىككى سوتچى سوت قىلىشقا قاتنىشىپ، باش سوتچىنىڭ سوت قىلىشىغا ھەمكارلىشىپ، سوتتا بىرلىكتە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. جىنايەت قىلمىشى ۋە مەسىلىلەر تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغاندىن كېيىن، باش سوتچى ئىككى ئەزا (سوتچى) بىلەن كېڭىشىپ، يوشۇرۇن بېلەت تاشلاش ئۇسۇلى بىلەن ھۆكۈم چىقاردى. باش سوتچى ئىككى ئاۋاز بېرىش ھوقۇقىغا، ھەرقايسى ئەزا بىردىن ئاۋاز بېرىش ھوقۇقىغا ئىگە بولدى. باشقىلارنىڭ ھۆكۈم چىقىرىشقا ئارىلىشىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، «جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى»دا كېڭىشىش ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ۋە ھۆكۈمنى تەييارلاۋاتقان چاغدا «بۇ ئۇچ كىشى (باش سوتچى ۋە ئىككى سوتچى) دىن باشقا كىشىلەرنىڭ ھۆكۈم تەييارلاش ئۆيىگە كىرىشىگە يول قويۇلمايدۇ»، «ئەگەر ئۇچەيلەندىن بىرەرسىنىڭ سىرتقا چىققانلىقى ياكى تەل ئەمەسلىكى سېزىلسە، بۇنداق ئەھۋالدا چىقىرىلغان ھۆكۈم يۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ» دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەندى.

4) ئاقلاش تۈزۈمى سوت مەھكىمىسى دېلو سوت قىلغاندا دەۋالاشقۇچىلارنىڭ ئۆزىنى ئاقلىشىغا رۇخسەت قىلىنغاندىن باشقا، يەنە دەۋالاشقۇچىلارنىڭ ئاقلىغۇچى بولۇشىغا، ئادۋوكات تەكلىپ قىلىشىغا رۇخسەت قىلىندى. لېكىن ئەينى چاغدا ئادۋوكاتلارنىڭ جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى سوت قىلغاندا ئاقلىغۇچى بولۇشى ئاز كۆرۈلدى.

5) چەتكە ئېلىش تۈزۈمى جىنايى ئىشلار دەۋاسى جەريانىدا سوتچى خادىملار، تەپتىش خادىملىرى، تەھقىقلىگۈچى خادىملاردىن دېلو ياكى دەۋالاشقۇچىلار بىلەن مەلۇم ئالاھىدە مۇناسىۋىتى بولۇپ، دېلونى ئادىل بىر تەرەپ قىلىشقا تەسىر يېتىش ئېھتىمالى بولغاندا، دېلودىكى دەۋالاشقۇچىلار ئۇلارنىڭ ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ تۇرۇشنى ئىلتىماس قىلىشقا ھوقۇقلۇق بولدى. لېكىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ تۇرۇشنى ئىلتىماس قىلىش ئاساسى ياكى نارازىلىق پىكىرنىڭ ھەقىقىيلىكى ئىسپاتلانغاندىلا ئاندىن يۈت تىرەپ تۇرالىدى. سوت رەسمىي سوت قىلىشتىن ئىلگىرى، دەۋاگەر بىلەن جاۋابكاردىن سوتقا، باش سوتچى ۋە سوت تەركىبىدىكى خادىملارغا پىكرى بار - يوقلۇقى سورالدى. دەۋالاشقۇچىلار ئەگەر سوت تەركىبىدىكى خادىملاردىن بىرەرسىنىڭ ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلسا، باشقا خادىم تاللاپ كىرگۈزۈلدى؛ ئەگەر باش سوتچىغا پىكرى بولسا، دېلو ماتېرىيالى باشقا سوتنىڭ سوت قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى؛ ئەگەر مەھكىمە باشلىقىغا نارازىلىق پىكرى بولسا، جىنايەت پاكىتى تولۇق بولغان دەلىل - ئىسپات ئۇچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسىگە يوللاپ بېرىلىپ، ئۇچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسىنىڭ يولىيورۇقى بويىچە بىر تەرەپ قىلىندى.

## 2. جىنايى ئىشلار دەۋاسى

ئۇچ ۋىلايەتتىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى ئۇچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى تۈزگەن «جىنايى ئىشلار قانۇنى»، «جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى»غا ئاساسەن سوت قىلدى.

1) ئاساسىي جىنايەت ناملىرى سىياسىي جىنايەت (ھۆكۈمەت تەركىبىدىكى مۇھىم خادىملارنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش، ئەكسىلئىنقىلابىي بۇزغۇنچىلىق، ئەكسىلئىنقىلابىي تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش، ئىشپىيونلۇق، جاسۇسلۇق جىنايەتلىرى)؛ ئوغرىلىق جىنايىتى؛ مەمۇرلارنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىش جىنايىتى؛ خىزمەتتىكى بىپەرۋالىق جىنايىتى (خىزمەتتە پاسسىپلىق قىلىش، پارىخورلۇق، تۆھمەت چاپلاش، خىيانەتچىلىك جىنايىتى قاتارلىقلار)؛ ھۆكۈمەتنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرىغا بويسۇنماسلىق جىنايىتى (ھەربىي قىسىمدىن قېچىش، ھۆكۈمەتنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرىغا رىئايە قىلماسلىق، تۈرمىدىن قېچىش، زەھەر چېكىش،

www.uyghurkitap.com

دۆلەت چېگرىسىدىن ئوغرىلىقچە ئۆتۈش، ئۆز ئالدىغا قورال - ياراغ ساقلاش، يالغان ئىسپات ياساش جىنايىتى قاتارلىقلار)؛ يالغان دوكومېنت ياساش جىنايىتى (يالغان پۇل ياساش، ھۆكۈمەتنىڭ نەق پۇل چېكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش، ھۆكۈمەت بەلگىسىنى ياساش جىنايىتى قاتارلىقلار)؛ تۇرمۇشقا قارشى تۇرۇش جىنايىتى (قەستەن، سەۋەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈش، باشقىلارنىڭ ئائىلىسىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش جىنايىتى قاتارلىقلار)؛ باسقۇنچىلىق جىنايىتى (ئاياللارغا، نارەسىدە قىزلارغا باسقۇنچىلىق قىلىش، زورلۇق بىلەن بەچچىۋازلىق قىلىش جىنايىتى قاتارلىقلار).

2) **ئاساسلىق جىنايى جازالار** ئاساسىي جازا: ئۆلۈم جازاسى، قاماق جازاسى (ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا 8 يىل)، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش جازاسى، توختىتىپ قويۇش جازاسى؛ قوشۇمچە جازا: سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش، مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىش، ئىقتىسادىي تۆلەم تۆلىتىش.

3) **جىنايى ئىشلار دەۋا تەرتىپى** ئۈچ ۋىلايەتنىڭ «جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى» دا: ساقچى ئىدارىسى، تەپتىش مەھكىمىسى، سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا، تەھقىقلەش، قانۇن نازارەتچىلىكى ۋە سوت قىلىش ھوقۇقىنى ئايرىم - ئايرىم يۈرگۈزىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن. ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى قوبۇل قىلىپ سوتلىغاندا دېلونى باشقۇرۇش تەۋەلىكى دائىرىسى بويىچە ئايرىدى يەنى ناھىيىلىك سوت مەھكىمىلىرى شۇ ناھىيە تەۋەلىكىدە سادىر بولغان ھەق تەلەپ ماجىرا دېلولىرىنى ۋە شۇ ناھىيىدە سادىر بولغان ئىككى يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدىغان جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى قوبۇل قىلدى؛ ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسى بېجىرىشكە تاپشۇرغان ئىككى يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدىغان دېلولار ئۇنىڭ يولىيورۇقى بويىچە سوت قىلىندى؛ ئەيىبكار ئىككى ناھىيىدە جىنايەت ئۆتكۈزگەن بولسا، ئۇنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش ئەھۋالى تەكشۈرۈلگەندىن كېيىن ئېغىر جىنايەت ئۆتكۈزگەن جايدا بىر تەرەپ قىلىندى. ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسى نارازىلىق ئەرز بېرىلگەن ھەق تەلەپ، جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى ۋە ئىككى يىلدىن يۇقىرى قاماق جازاسى بېرىلىدىغان جىنايى ئىشلار دېلولىرىنىلا قوبۇل قىلدى. ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى خادىملىرىنىڭ جىنايى ئىشلار دېلولىرى ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى تەستىقلىغاندىن كېيىن، دېلو تۇرغۇزۇپ بىر تەرەپ قىلىندى ياكى ئۇنى ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بىرتەرەپ قىلدى.

4) **سوتتا سوت قىلىش تەرتىپى**

(1) **1 - سوت تەرتىپى** دەۋالاشقۇچىلارنى چاقىرتىش، ئەرز خېتىنى ئوقۇپ ئۆتۈش، سوتتا تەكشۈرۈش، جاۋابكار ئەڭ ئاخىرقى سۆزىنى بايان قىلىش، دېموكراتىك كېڭىشىش، ھۆكۈمنى جاكارلاش.

(2) **2 - سوت (نارازىلىق ئەرز بېرىش، ئېتىراز بىلدۈرۈش) تەرتىپى** دەۋالاشقۇچىلار ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ 1 - سوت ھۆكۈمى ياكى كېسىمىگە قايىل بولمىسا، 14 كۈن ئىچىدە نارازىلىق ئەرز بېرىشكە ھوقۇقلۇق بولدى. باش تەپتىش ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ 1 - سوت ھۆكۈمىدە توغرا بولمىغان جايلارنىڭ بارلىقىنى سەزسە، ئۆز نامىدا ئېتىرازنامە يازدى. ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسى نارازىلىق ئەرز، ئېتىرازنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئادەتتە دەۋالاشقۇچى ئىككى تەرەپنى چاقىرتمايلا يازما مۇئەييەنلەشتۈرۈپ قارار چىقىرىپ، ئەسلى ھۆكۈم توغرا بولغانلىرىنى كۈچكە ئىگە قىلىپ، نارازىلىق ئەرزنى رەت قىلدى؛ ئەسلىي ھۆكۈم خاتا بولغانلىرىدا ھۆكۈمنى ئۆزگەرتتى. 2 - سوت ھۆكۈمىنىڭ توغرا بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، سوتچى خادىملارنىڭ ئۆز ئالدىغا ھۆكۈم چىقىرىشىغا رۇخسەت قىلىنمىدى. مەھكىمە باشلىقى پىكرىنى يازغاندىن كېيىن، ئاندىن قانۇنىي كۈچكە ئىگە بولدى.

(3) **ئەرز قىلىش ۋە ئۆلۈم جازاسىنى قايتا قاراپ چىقىش تەرتىپى** ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسى ھۆكۈم قىلغان چوڭ دېلولاردىكى دەۋالاشقۇچىلار ياكى ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەر يېنىك جازا ھۆكۈم قىلىشنى ئىلتىماس قىلىشتا، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىگە ئەرز سۇنۇشقا رۇخسەت قىلىندى. ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەر «ئەرز» نى ھۆكۈم چىقىرىلىپ 72 سائەت ئىچىدە ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىگە ئۇتتۇرىغا قويۇشى شەرت قىلىندى. ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بەلگىلەنگەن سۈرۈك ئىچىدە ئەرز قىلغۇچىنىڭ تەلىپىگە قوشۇلۇش ياكى قوشۇلماسلىق ھەققىدە قارار چىقاردى. ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسى ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى

بويىچە بېجىردى.

سوت مەھكىمىسى ئەڭ يۇقىرى جىنايى جازا (ئۆلۈم جازاسى) ھۆكۈم قىلغان جىنايەتچىلەرنىڭ جازاسى ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى تەستىقلىغاندىن كېيىن ئىجرا قىلىنىدى. ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچى جازا ئېغىر بولۇپ كەتتى دەپ قارىسا، 72 سائەت ئىچىدە ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىدىن كەڭچىلىك قىلىشنى تەلەپ قىلىشقا يول قويۇلدى. ۋاقىت چېكىنى ئۇزارتماقچى بولسا، «جىددىي نارازىلىق ئەرز بېرىش» كە ھوقۇقلۇق بولدى. ئەگەر ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بەلگىلەنگەن سۇرۇك ئىچىدە جاۋاب بەرسە، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسى ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى جاۋاب بەرگەن مەزمۇن بويىچە ئىجرا قىلدى؛ ئەگەر بەلگىلەنگەن سۇرۇك ئىچىدە جاۋاب بەرمىسە ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسى ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنى ئادا قىلىپ ھۆكۈمنى ئىجرا قىلدى.

### (4) سوت نازارەتچىلىكى

1. تەپتىش ئورگىنى سوتقا چىقىپ ئەيىبلەشنى قوللاش، ئېتىراز بىلدۈرۈش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈپ نارازىلىق ئەرزنى قوللاش يولى بىلەن سوت پائالىيىتىگە نازارەتچىلىك قىلدى.

2. يۇقىرى دەرىجىلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك سوت مەھكىمىسى ئۈستىدىكى نارازەتچىلىكى نارازىلىق ئەرز بېرىلگەن دېلولارنى سوت قىلىپ، نامۇۋاپىق چىقىرىلغان ھۆكۈمنى تۈزىتىش، تۆۋەن دەرىجىلىك سوت مەھكىمىسى ئۈستىدىن بېرىلگەن شىكايەتنى قوبۇل قىلىش ۋە مەھكىمە باشلىقىنىڭ چەكلەپ تۇرۇشى ھەققىدىكى ئىلتىماسىنى تەستىقلاش قاتارلىق يوللار بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى.

3. ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ئۆلۈم جازاسى دېلولىرىنى قايتا قاراپ چىقىش، ئەرز قىلىنغان بەزى دېلولارنى قوبۇل قىلىش ۋە بەزى دېلولارنى سوت قىلىشنى تەستىقلاشقا ئوخشاش يوللار بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسى ئۈستىدىن نازارەتچىلىك قىلدى.

4. خەلق ئامىسىنىڭ سوت پائالىيىتىگە بولغان نازارەتچىلىكى جارى قىلدۇرۇلدى.

**(5) ئىجرا قىلىش** ئۆلۈم جازاسى مۇددەتلىك قاماق جازاسى، توختىتىپ قويۇش، مەجبۇري ئەمگەككە سېلىش، سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش، مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىش، ئىقتىسادىي تۆلەم تۆلىتىش قاتارلىقلارغا دائىر ھۆكۈملەرنى ئىجرا ئورگىنى (ساقچى ئىدارىسى) ئىجرا قىلدى. مەھكىمە شەرئىنىڭ كېسىملىرىنىمۇ ساقچى ئىدارىسى مەجبۇري ئىجرا قىلدۇردى.

## 3. ھەق تەلەپ دەۋاسى

ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى ئېلان قىلمىدى. 1945 - يىل 1 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسى «پۇل - بىساتقا دائىر ئەرز توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق قوللانما» نى تۈزۈپ چىقىپ، سوت مەھكىملىرى ھەق تەلەپ ماجىرا دېلولىرىنى قوبۇل قىلىپ، دېلو تۇرغۇزۇشنىڭ شەرتى، باشقۇرۇش تەۋەلىكى، دەۋا تەرتىپى ۋە ھەق ئېلىش ئۆلچىمى قاتارلىقلارنى بەلگىلىدى. بۇ ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىملىرىنىڭ ھەق تەلەپ ماجىرا دېلولىرىنى بىرتەرەپ قىلىشتىكى مۇھىم ئاساسى ئىدى.

1) ھەق تەلەپ دېلولىرىنىڭ تۈرى ۋە ئۇنى قوبۇل قىلغۇچى ئورۇن    پۇقرالار ئارىسىدىكى ھەقدارلىق، قەرزدارلىق، مىراس، نىكاھ ماجىرالىرى ھەمدە يېتىم بالىلارنى بېقىپ تەربىيىلەش، تويلۇق تالاش- تارتىشى قاتارلىق ماجىرالارنىڭ ھەممىسى ھەق تەلەپ دېلوسى ھېسابلاندى. بۇنىڭ ئىچىدە دەلىل - ئىسپاتى تولۇق، ماتېرىيالى تەل بولغان ھەمدە 10 يىل ئىچىدە يۈز بەرگەن دېلولارنى سوت مەھكىمىسى قوبۇل قىلىپ كېسىم چىقاردى. يۈز بەرگىنىگە 10 يىلدىن ئېشىپ كەتكەن ھەق تەلەپ دېلولىرى ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ 1945- يىل 4 - ئاينىڭ 13 - كۈندىكى تەستىقىغا ئاساسەن ۋاقىتىنچە قوبۇل قىلىنمىدى. گۇمان بولغان ئەمما دەلىل - ئىسپاتى تولۇق بولمىغان ياكى دىنىي ئىشلارغا چېتىلىدىغان ھەق تەلەپ دېلولىرىنى مەھكىمە شەرئى سوت قىلىپ كېسىم چىقاردى؛ مۇرەسسە يولى بىلەن ھەل قىلىشقا بولىدىغان ھەق تەلەپ دەۋا دېلولىرىنى (ئاساسلىقى قەرزدارلىق) مۇرەسسە قىلىشقا سودا - سانائەتچىلەر ئۇيۇشمىسى مەسئۇل بولدى.

2) ھەق تەلەپ دەۋا تەرتىپى    1 - سوت دەۋالاشقۇچىلار «ئەرز خېتى» (دەۋا خېتى) نى تاپشۇرۇش، سوت مەھكىمىسى دەۋالاشقۇچى ئىككى تەرەپ ۋە گۇۋاھچىلارنى چاقىرتىش؛ دەلىل- ئىسپاتلارنى

www.uyghurkitap.com

ئەمەلىيلەشتۈرۈش، يۈز تۇرانە كېسىم چىقىرىش تەرتىپى بويىچە ئېلىپ بېرىلدى. مال ـ مۈلۈك دېلولىرىدا سوت قىلىشتىن ئىلگىرى جاۋابكاردىن مال ـ مۈلۈك تىزىملىكى ئېلىندى. زۆرۈر تېپىلغاندا دەۋادا ئامان ساقلاش تەدبىرى قوللىنىلدى. دەۋالاشقۇچىلار 1 ـ سوتنىڭ ھۆكۈمى ياكى كېسىمىگە قايىل بولمىسا، 14 كۈن ئىچىدە ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسىگە نارازىلىق ئەرز قىلسا بولىدىغان بولدى. سۈرۈك ئىچىدە نارازىلىق ئەرز قىلمىسا، 1 ـ سوت ھۆكۈمى قانۇنىي كۈچكە ئىگە بولۇپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى تەرىپىدىن ئىجرا قىلىنىدى.

2 ـ سوتتا ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسى دەۋالاشقۇچىلار بەرگەن نارازىلىق ئەرزىنىڭ ئاساسى، پاكىتى، دەلىل ـ ئىسپاتىنى تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئەسلى ھۆكۈمنى توغرا دەپ قارىسا، نارازىلىق ئەرزنى رەت قىلىپ، ئەسلى ھۆكۈمنى كۈچكە ئىگە قىلدى؛ ئەسلى ھۆكۈمنى خاتا دەپ قارىسا، دېلو ئەھۋالىغا قاراپ ھۆكۈمنى پۈتۈنلەي ياكى قىسمەن ئۆزگەرتتى. ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسىنىڭ ھەق تەلەپ ئۈستىدە 2 ـ سوتتا چىقارغان ھۆكۈمى ئاخىرقى سوت ھۆكۈمى بولۇپ، ئىجرا ئورگىنى تەرىپىدىن ئىجرا قىلىنىدى.

1 ـ سوت قىلغۇچى سوت مەھكىمىسى ھەقدارلىق، قەرزدارلىق ۋە مال ـ مۈلۈك ماجىرا دېلولىرىدا دەۋالاشقۇچىلاردىن دەۋا نىشانىنىڭ %2ى بويىچە دەۋا ھەققى ئېلىپ، ھەر ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسىگە تاپشۇردى. ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، ئۈچ ۋىلايەت سوت مەھكىمىسى ھەق تەلەپ دېلولىرىدىن 479 مىڭ 119 يۈەن دېلو بېجىرىش رەسمىيەت ھەققى ئالغان.

## 4. ئۈچ ۋىلايەت سوت مەھكىمىلىرىنىڭ سوت پائالىيىتى

ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى ھەر يىلى زور مىقداردىكى جىنايى ئىشلار ھەق تەلەپ دېلولىرىنى سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇردى. ستاتىستىكىدىن مەلۇم بولۇشىچە، 1945 ـ يىل 4 — 12 ـ ئايغىچە ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار دېلوسىدىن 111نى قوبۇل قىلىپ، 42نى بېجىرىپ ئاياغلاشتۇرغان؛ ناھىيىلىك سوت مەھكىمىلىرى جىنايى ئىشلار دېلوسىدىن 48نى قوبۇل قىلىپ، 40نى بېجىرىپ ئاياغلاشتۇرغان. ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسى ئامما ئەرز قىلغان ھەق تەلەپ ماجىرا دېلوسىدىن 68نى تاپشۇرۇۋېلىپ، 37نى قوبۇل قىلىپ، 21نى بېجىرىپ ئاياغلاشتۇرغان. 1946ـ يىلى ۋە 1947 ـ يىلى تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى ھەر يىلى جىنايى ئىشلار دېلوسىدىن تەخمىنەن 200نى قوبۇل قىلىپ، 70 نەچچىنى سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇردى؛ ھەق تەلەپ دېلوسىدىن 900 نەچچىنى قوبۇل قىلىپ، 700 نەچچىنى سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇردى. سوت مەھكىمىلىرى جىنايى ئىشلار دېلولىرىدىن ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق، باسقۇنچىلىق، زەخىملەندۈرۈش، قاتىللىق قاتارلىق چوڭ دېلولاردا ئاممىۋى يىغىن ئېچىپ ئوچۇق ھۆكۈم ئېلان قىلىپ قاتتىق جازالىدى. تارباغاتاي ۋىلايەتلىك سوت مەھكىمىسى 1945 ـ يىل 12 ـ ئايدا خەلق باغچىسىدا ھۆكۈم ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىپ، بۇلاڭچىلىق قىلغان جىنايەتچى قۇدايبەرگەنگە ئۆلۈم جازاسى، ئالتە ئورتاق جىنايەتچىگە مۇددەتلىك قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلدى. 1949 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك سوت مەھكىمىسى خەلق كۈلۈبىدا 1000 كىشىلىك ئاممىۋى يىغىن ئېچىپ، باندىتلار باشلىقى مويلۇقاغا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىپ دەرھال ئىجرا قىلدى. ھەق تەلەپ دېلولىرى ئىچىدە ھەقدارلىق، قەرزادارلىق ماجىراسى، نىكاھ ماجىراسى، مال ـ مۈلۈك ماجىراسى، ئۆي ئورنى ماجىراسى، ئوتلاق ماجىراسى، توختام ماجىراسى كۆپرەك بولدى. ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسى 1945 ـ يىل 7 ـ ئايدا زاكىشىر ناسىپنىڭ ۋاكالەتچىسى ئالىئاخۇن ئاقا مەتجانوپ دەۋا قىلغان قەرز ماجىراسى دېلوسىنى قاراپ چىقتى؛ غۇلجا ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسى 1946 ـ يىل 10 ـ ئايدا سىماغۇل ئايۇپنىڭ مال ـ مۈلۈك ماجىرا دېلوسى قاتارلىق قەرزدازلىق، مال ـ مۈلۈك ماجىراسى دېلولىرىنى قاراپ چىقتى. ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى زور مىقداردىكى جىنايى ئىشلار، ھەق تەلەپ دېلولىرىنى سوت قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ قانۇن تەرتىپى ۋە ئىجتىمائىي تەرتىپىنى قوغداپ، خەلق ئاممىسىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلدى.

新疆地方志

（季刊）

目录

2006年第四期

总第七十七期

顾问
乌依古尔·沙依然
伊敏·图尔逊
努尔穆罕默德·多莱提
沙比尔·艾力

主编
迪木拉提·木沙

副主编
阿不都肉甫·艾力
艾合买提·肉孜·托格如力

编委
（姓氏以维吾尔文字母为序）
阿不都肉甫·艾力
阿不都守库尔·图尔地
阿不都克优木·霍加
阿不来提·努尔东
阿不来提·伊敏
热米拉
沙比尔·艾力
吾甫尔·吾守尔·尼亚孜
霍加阿合买提·优努斯
哈德尔·阿皮孜
哈斯木·霍加
库尔班·马木提

责任编辑
甫拉提·伊米提

# 目录

## 文献辑录

在自治区地方志工作会议上的讲话 ………… 司马义·铁力瓦尔地 1
在自治区地方志工作会议上的讲话 …………… 贾帕尔·阿比布拉 6
自治区地方志工作会议简讯 ……………………………………… 13

## 回忆录

我在马虎山手下服兵役时的经历 ………………………………… 16

## 学术讨论

浅谈维吾尔名称的复原及现代维吾尔文学语言的形成 ……………
……………………………………………… 阿不力孜·鄂尔浑 28

## 历史人物

芬兰探险家马达汉的生平简述 ……………………… 布萨热·伊明 44

## 文物古迹

两个世纪的历史古城— 惠远城 ……………… 茹合萨日·土儿孙 47

## 社会主义新方志

摘自《新疆通志·审判志》……………………………………… 52

封面： 萨土克·布格拉汗麻扎（1873年英国使者富赛斯摄）
阿不力孜·鄂尔浑 提供

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى


# 新疆地方志 维吾尔文(季刊)

# (پەسىللىك ژۇرنال) شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى

主　　办：新疆维吾尔自治区地方志编纂委员会
　　　　　新疆维吾尔自治区地方志学会

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى
ش ئۇ ئا ر تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتى

编辑出版：《新疆地方志》编辑部

تۈزگۈچى ۋە نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» تەھرىر بۆلۈمى

地　　址：乌鲁木齐市南湖路西一巷 12 号

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭىكۆل يولى غەربىي 1 - كوچا 12 - نومۇر

印　　刷：新疆金版印务有限公司

باسقۇچى: شىنجاڭ جىنبەن مەتبەئە چەكلىك شىركىتى

国内统一刊号 CN65—1128/K—W
电话：4640715　邮政编码：830063
定价：3.00 元

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى: CN65—1128 / K—W
تېلېفون نومۇرى: 4640715 پوچتا نومۇرى: 830063
باھاسى: 3.00 يۈەن